باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 5 - يىللىقى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇرتىلى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

قولىڭىزلاردىكى بۇ بىر بۈرۈش «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «ئۇيغۇر تىلى» ۋە «ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلاندى.

بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى تۈزۈش، تەھرىرلەشكە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار، شۇنىڭدەك شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىكى بىر قىسىم تەھرىر ۋە تەرجىمانلار قاتناشتى.

سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىكلىكى، دەرسلىك تۈزۈش تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى ۋە ۋاقىتنىڭ ئالدىراش بولغانلىقى تۈپەيلىدىن بۇ دەرسلىكلەردە بىر مۇنچە كەمچىلىك-خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى نەشرلىرىدە تۈزىتىۋېلىش ئۈچۈن كەڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مۇندەرىجە


1. ئىسىم ........................................... 1
2. تۈپ ۋە ياسالما ئىسىملار ........................ 5
3. خاس ھەم تۈردەش ئىسىملار ....................... 7
4. ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ................ 9
ئىسىم توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ........ 12
5. تۈپ ۋە ياسالما سۈپەتلەر ........................ 15
6. سۈپەت دەرىجىلىرى ............................. 18
7. ئاددى سۈپەت ۋە كەمسىتىش سۈپىتى ............ 19
8. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى .............. 22
سۈپەت توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ..... 24
9. سانلارنىڭ ئىملاسى ............................ 26
10. سانلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ............ 28
11. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى .............. 31
12. ئالماش ......................................... 33
13. ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشى ....................... 36
14. ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........... 39
15. بۇيرۇق پېئىل ................................. 41
16. ھال پېئىل .................................... 42
17. ياردەمچى پېئىل ................................ 44
18. پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن

تۆرلىنىشى ........................... 47
19. سۆپەت پېئىل ........................... 53
20. پېئىللارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........... 55
پېئىل توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ...... 57
21. رەۋىش ........................... 60
22. رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........... 63
23. ياردەمچى سۆزلەر ........................... 65
24. جۈملىدىكى ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ
تىنىش بەلگىلىرى ........................... 68
25. ئاددى جۈملە ........................... 71
26. قوشما جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى ... 74
27. كۆچۈرمە جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى .. 80
28. قىستۇرما سۆز ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى .. 83
29. قاراتما سۆز ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى .... 86
30. بەزى قوشۇمچىلەرنىڭ ئىملاسى ........... 90
31. قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى .......... 92

## 1. ئىسىم

### ئوقۇش باشلاندى

دوستلار، دوستلار يۈرۈڭلار،
كېيىن قالماي مەكتەپكە.
ئەنە مەكتەپ كۆرۈڭلار،
قوشۇلۇڭلار بۇ سەپكە.

بۈگۈن ئوقۇش باشلاندى،
ئەمدى ئوقۇيلى ساۋاق.
ئۇيات بولىدۇ دوستلار،
يولدا كېچىكىپ قالساق.

يۇقۇرقى شېئىردىكى «دوستلار، مەكتەپ، سەپ، ساۋاق، ئۇيات، يول» دىگەن سۆزلەرگە قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ؟ «مۇئەللىم، كىتاپلار» دىگەن سۆزلەرگە قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ، ۋەقەلەرنىڭ
ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى
بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئىسىم دەيمىز.
ئىسىملارغا — ئادەملەر ئۈچۈن كىم؟
كىملەر؟ باشقا جانلىق، جانسىز نەرسىلەر



AltunOq

ئۈچۈن نىمە؟ نىمىلەر؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

شۇنداق سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدىغان ۋەقە، خۇلق، مىجەز، نومۇس، ئۇيات، ئۈتۈق، كۈرەش، باتۇر دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ ئىسىم بولىدۇ.

ئىسىملار بىرلىك ۋە كۆپلۈك سانلاردا ئېيتىلىدۇ. ئوقۇغۇچى - ئوقۇغۇچىلار، مەكتەپ - مەكتەپلەر، گۈل - گۈللەر...

**1 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئىسىملارنى تېپىڭلار.

تاڭ ئاتتى. توخۇلار ھەر تەرەپتىن قىچقىرىشقا باشلىدى. ئاستا - ئاستا يۇلتۇزلار كۆرۈنمەي قالدى. سىنتەبىرنىڭ ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋاسى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. تاغ تەرەپتىن كۈننىڭ قىزارغان نۇرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. توخۇلارنىڭ قىچقىرىشلىرى پەسەيدى. ئىشچىلار زاۋۇت - فابرىكىلارغا، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە، دىخانلار ئېتىزغا قاراپ يول ئالدى. كوچىلاردا ھەركەت جانلاندى.

**2 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، ئىسىملارنى ئېيتىپ بېرىڭلار ھەمدە ئۇ ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار.



3 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئىسىملارنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارغا سوئاللارنى بېرىڭلار.

## يىللارغا جاۋاپ

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قارىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

....

بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى ئۆتىۋەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى.

ئادەملەرمۇ ۋاقتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

4 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارنى كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارغا ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار.

شەھەر، يېزا، باغ، كۆكتات، مىۋە، ئوقۇتقۇچى پىكىر، ناخشا، كۆچەت، دېڭىز، يۇلتۇز، كىشى، ئىنسان، كېۋەز، ھېكايە، ئالما

ئۈلگە: ھېكايە ـ ھېكايىلەر، باغ ـ باغلار

# 2. تۈپ ۋە ياسالما ئىسىملار

5 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى بىرىنچى قاتاردىكى سۆزلەرنى ئىككىنچى قاتاردىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاڭلاتقان مەنىلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

| 1 - قاتار | 2 - قاتار |
| --- | --- |
| ئىش | ئىشچى |
| ساۋاق | ساۋاقداش |
| باغ | باغۋەن |
| تۆمۈر | تۆمۈرچى |
| ئاش | ئاشپەز |
| ئويۇن | ئويۇنچۇق |
| ئىل | ئىلمەك |

مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان ئىسىملارنى تۈپ ئىسىم دەيمىز.

**مەسىلەن:** ئىش، باغ، بېلىق، مەكتەپ

ئىسىملارغا ياكى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر ئۇلىنىپ ياسالغان يېڭى مەنىلىك ئىسىملارنى ياسالما ئىسىم دەيمىز.

**مەسىلەن:**

ئىش + چى = ئىشچى    ئوقۇ + غۇچى = ئوقۇغۇچى


AltunOq

باغ + ۋەن = باغۋەن     كۆت + كۆچى = كۆتكۆچى
بىل + ئىم = بىلىم     ھۈنەر + ۋەن = ھۈنەرۋەن

6 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ياسالما ئىسىملارنى ئوقۇڭلار، تۈپ سۆزلەرنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەردىن ئاجرىتىپ ئېيتىپ بېرىڭلار.

يۇرتداش، ئەمگەكچى، چايدان، سىزىق، مالچى، ھۈنەرۋەن، سۆزمەن، ئاچقۇچ، ئىلىم، ئىشخانا، قوغۇنلۇق، يايلاق، يەلپۈگۈچ، تۇتقۇچ، ياتاق

7 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى بىرىنچى قاتاردىكى تۈپ سۆزلەرگە ئىككىنچى قاتاردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ لايىقىنى ئۇلاپ، ياسالما ئىسىملارنى ياساڭلار.

| 1 - قاتار | 2 - قاتار |
|---|---|
| ياز، ئىش، ياخشى، تازا، ئاچ، كۆل، چارۋا، بىل، هارۋا | غۇچى، چى، لىق، قۇچ، چەك چىلىق، —ىم، كەش |

8 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرگە ئۆزەڭلار سۆز تېپىپ قوشۇپ، ياسالما ئىسىم ياساڭلار.

داش، پەز، لىق، لۇك، ماق، قۇن، مە، ما، غىن

**ئۈلگە:** سۆز + مە = سۆزمە

## 3. خاس ھەم تۈردەش ئىسىملار

> ئىسىملار خاس ئىسىم ھەم تۈردەش ئىسىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.
>
> ئومۇملۇققا ئىگە بولغان بىر خىل نەرسىلەرنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قويۇلغان ناملىرىنى خاس ئىسىم دەيمىز.

**مەسىلەن:** ئايگۈل، ئەخمەت، پەرھات، جۇڭگو، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئىلى دەرياسى، بوغدا چوققىسى، شىنجاڭ گېزىتى، باغراش كۆلى

> ئومۇملۇققا ئىگە بىر خىل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمى بولغان ئىسىملارنى تۈردەش ئىسىم دەيمىز.

**مەسىلەن:** دۆلەت، شەھەر، ئادەم، بالا، دېڭىز، يېزا، تاغ، دەريا، ئوغۇل، قىز، باغ

**9- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، خاس ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر، تۈردەش ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىدۇر. 2. مەملىكىتى-

ىمىزدە چوڭ شەھەرلەر كۆپ، ئۇلار: بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، گۇاڭجۇ، خاربىن، ۋۇخەن، ئۈرۈمچى ۋە باشقىلار. 3. مەملىكىتىمىزنىڭ دەريا-دېڭىزلىرى بايلىققا تولغان. 4. مەملىكىتىمىزدە ئېگىز تاغلار كۆپ. تىيانشان تېغى ئېگىز تاغلارنىڭ بىرى. 5. تۇرپان ئۈزۈمى دۇنياغا داڭلىق.

**10** - كۆنۈكمە تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭلار. خاس ئىسىملارنى بىر قاتارغا، تۇردەش ئىسىملارنى يەنە بىر قاتارغا ئايرىپ كۆچۈرۈڭلار.

شىنجاڭ، شەھەر، كۆل، ئاقسۇ، ئۈستەل، ئۆي، زەينىسا، پامىر تېغى، ئادەم، ئەركىن، ئىسمائىل، مەھەللە، قۇمۇل، مەكتەپ، زاۋۇت، «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، مائارىپ نەشرىياتى

## 4. ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

ئىسىملار جۈملىدە باش كېلىشتە كەل-
گەندە، ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.
ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ۋە
كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندىمۇ،
ئۇلار جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىشۋېرىدۇ.

مەسىلەن: كىتاپ بىزنىڭ دوستىمىز. ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ. دادام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. راھىلە 5 - سىنىپقا ئەلا نەتىجە بىلەن كۆچتى. كۈز كەلدى. كۈزلۈك زىرائەتلەر ئوخشىدى.

ئىسىملارغا چۈشۈم كېلىش، بېرىش كې-
لىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش
قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئۇلار
جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن ياسىننى مەكتەپتە كۆردۈم. ئۇنىڭ سۆزىدە كەمچىلىك يوق. بۇ كىتاپتا قىزىق ھېكايىلەر بار. قېيۇم مەكتەپتىن كەلدى. مەن ئاكامغا خەت يازدىم.

ئىسىملار جۈملىدە ئىگىلىك كېلىشتە كەل-
گەن ۋە بەزىدە ئىگىلىك كېلىشتە كېلىپ،
ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىز ئىپادىلەنگەندە،
جۈملىدە ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: باھار ھاۋاسى يېقىملىق. مەكتەپ قىرا-
ئەتخانىسى ئېچىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى
ئۇستۇن. ئادەمنىڭ بىلىشى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. باغ-
نىڭ مېۋىلىرى پىشتى.

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا ئىگە-
لىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە،
ئۇلار بەزىدە جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بۇ — بىزنىڭ بېغىمىز. ئاۋۇ — مېنىڭ
مەكتىۋىم. بۇ — گۈلنارنىڭ كىتاۋى.

**11 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ،
ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

كۈز كەلدى. ھاۋا سالقىنلىشىپ قالدى. دەل-
دەرەخلەر سارغىيىشقا باشلىدى. كۈن ئۆزىنىڭ ئىللىق
نۇرى بىلەن ئەتراپنى يورۇتماقتا. دېخانلار ئىشقا
قىزغىن كىرىشىپ كەتتى. ئېتىزلاردا خوشال ئەمگەك
ناخشىلىرى ياڭرىدى.

**12 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ،
تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار.

باش باھار، ئاسماندا ئالقاندەكمۇ بۇلۇت يوق. بىپايان نېفتلىك قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن. بورىۋايلار-دىكى موتۇرلارنىڭ ئاۋازى كىشىنى روھلاندۇراتتى. تاشيوللاردا ئۇچقاندەك چېپىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئاۋاز-لىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نېفتلىكنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولدا، مۇسا تاغا ھەر خىل سايمانلار بېسىلغان قول ھارۋىسىنى سۆرەپ كېتىپ باراتتى. ئۇ 55 ياشلار چا-مىسىدىكى ئىگىز بويلۇق، قاۋۇل ئادەم بولۇپ، ئۆسكە-لەك قاشلىرى تېگىدىكى قارا كۆزلىرىدىن شىجائەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. قاڭشالىق بۇرنى، بۇغدى-يۆڭ يۈزىدىن ئاققان تەر، لاچىن قانىتىدەك شاپ بۇ-رۇتلىرىنى نەمدەپ پەسكە سىرغىيتتى. ئۇ بېشىنى ئىگىز كۆتىرىپ، كۆكرىگىنى كېرىپ، نېفتلىككە زوقلىنىپ قا-راپ، چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى.

## ئىسىم تۇغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

13 - كۆنۈكمە: كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق ئىسىملارنى قويۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1. يازلىق ... ئاخىرلاشتى. 2. يېڭى ئوقۇش ... باشلاندى. 3. ... مەكتەپكە يىغىلدى. 4. ... ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. 5. ... ئىچى جانلاندى. 6. ... بىر-بىرىنى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى بىلەن تەبرىكلەشتى. 7. ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى ... تارقىتىپ بېرىلدى.

**كېرەكلىك ئىسىملار:** مەۋسۇمى، تەتىل، ئوقۇغۇچىلار، مەكتەپ، ساۋاقداشلار، ئوقۇتقۇچىلار، دەرسلىك

14 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. تۈپ ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر، ياسالما ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ياخشىلىق يەردە قالماس. 2. ئەقىللىق كىشى ئويلىماستىن ئىش قىلمايدۇ. 3. ئوقۇغۇچىلار يىغىنغا قاتناشتى. 4. باغۋەن باغنى ئوبدان ئاسرايدۇ. 5. تۆمۈرچى ئوغاق سوقتى. 6. ئەيسا بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. 7. ئايشەم، رىزۋان ئىككىسى سىرداش دوستلاردۇر. 8. دادام بازاردىن ئاچقۇچ سېتىۋالدى.

15 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىسىملارنى تېپىڭلار ۋە ئۇلاردىكى خاس ئىسىملار بىلەن

تۆردەش ئىسىملارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

بىر يەكشەنبە كۈنى غەيرەت بىلەن ئىككىمىز بېلىق تۇتۇشقا ماڭدۇق. يولدا بىزگە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەنۋەر قوشۇلدى. ئۈچىمىز شەھەردىن چىقىپ، خۇگيەنچى كۆلىگە كەلدۇق. كۆلدە سۇ تولۇپ تۇراتتى. غەيرەت توپاننى ئەمدىدى، ئاندىن ئارىلىقنى قارماق دەستىسى بىلەن ئۆلچىۋېلىپ، توپاننى سۇغا چاچتى. بىر ئازدىن كېيىن، بېلىقلار سۇ ئۈستىگە كۆتىرىلىپ چىقىشقا باشلىدى. سۇ ئۈستىدە بېلىقلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان كۆپۈكچىلەر پەيدا بولدى. غەيرەت كۈنجۈت يېغى بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىردا ياسالغان يەمچۈكنى ئىلمەككە ئىلىپ، قارماقنى كۆپۈك ئەڭ كوپ جايغا تاشلىدى. بېلىقلار يەمچۈكنى يېيىشكە باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن، كۆل بويى جانلىنىشقا باشلىدى. شەھەردىن يەنە نۇرغۇن كىشىلەر قارماقلىرىنى كۆتىرىشىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلانباي ئىشچىلار ساناتورىيىسىدە دەم ئېلىۋاتقان بىر قانچەيلەنمۇ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى سەمەت ئاكامۇ بار ئىدى. بىز خېلى كۆپ بېلىق تۇتتۇق. تۇتقان بېلىقىمىزنىڭ بىر قىسمىنى ھەربى ئائىلە تەۋەسى ھەنىپخان ئانىغا تەقدىم قىلدۇق.

**16 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئىسىملارنى تېپىڭلار ھەم ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەل-


Altun0q

گەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

يازدا كۈن ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ھەممە ياق-
قا ئۆتكۈر نۇرىنى چېچىپ تۇرىدۇ. ئېتىز ۋە باغلاردىن
قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. باغ-
دا ئالما، ئورۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۈزۈم قاتارلىق
مېۋىلەر پىشقان. ئېرىقلاردا كۆمۈشتەك سۇلار شىلدىر-
لاپ ئاقىدۇ. دېھقانلار زوق بىلەن ناخشىلارنى ئېيتى-
شىپ، مېۋىلەرنى يىغىدۇ. ئالغان ھوسۇللىرىغا پەخىرلى-
نىدۇ. ئېتىزلاردا ئەمگەكنىڭ خوشال ۋاڭ-چۇڭلىرى
ئاڭلىنىدۇ.

## 5. تۈپ ۋە ياسالما سۈپەتلەر

> سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر قوشۇلمىغان،
> پەقەت بىرلا تومۇردىن ئىبارەت بولغان
> سۈپەتلەر تۈپ سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** قىزىل، كۆك، ئاق، چوڭ، ياخشى، ئىسسىق

**17 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، تۈپ سۈپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. مەھەللىمىزگە يېڭى مەكتەپ سېلىنىدى. 2. گۇڭشې ئەزالىرى كەڭ ئېتىزدا خوشال-خورام ئەمگەك قىلماقتا. 3. پىئونېرلار قىزىل گالستۇك تاقىدى. 4. يىغىندا ئوقۇغۇچىلار ياخشى پىكىرلەرنى بەردى.

**18 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. تۈپ سۈپەتلەرنى كۆچۈرۈڭلار.

بىز ياشىغان بۇ گۈزەل تۇپراق،
ئەزەلدىنلا بىزگە خاس مىراس.
شۇ تۇپراقنى بىزنىڭ پۈشتىمىز،
ئەمگەك بىلەن ياشناتقىنى راس.

نىمىگىمۇ ئوخشاتسام بولار،
بۇ تۇپراقنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى؟

قاراڭلارا قانداق ياراشقان،
ئۈنىڭ تىنىق، كۆپ ـ كۆك ئاسمىنى.

...

كەڭ دالىنىڭ ئىللىق چىرايى،
قۇياش بىلەن رەڭداش تۇرىدۇ.
ئىغاڭلىسا ئالتۇن باشاقلار،
كۆزلىرىڭنى قاماشتۇرىدۇ.

ئىسىملارغا تۈرلۈك سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەنى ياسالما سۈپەتلەر دەيمىز.

ياسالما سۈپەتلەر ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا، ئاساسەن «لىق، لىك، لۇق، لۈك، ـ سىز، دەك، تەك، چان» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئالما ـ ئالمىلىق باغ، بىلىم ـ بىلىملىك ئادەم، تۇز ـ تۇزلۇق كۆل، ئۈزۈم ـ ئۈزۈملۈك باغ، سۇ ـ سۇسىز چۆل، تاغ ـ تاغدەك ئىش، سۈت ـ سۈتتەك ئايدىڭ، ئىش ـ ئىشچان بالا

**19 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئىسىملارغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنى قوشۇپ، ياسالما سۈپەتلەرنى ياساڭلار.

ئۇلارنى مۇۋاپىق ئىسىملار بىلەن بىللە قوشۇپ يېزىڭلار.

يېزا، كۆڭۈل، بەخت، مەدىنىيەت، ياز، كۆز، دەرەخ، بىلىم، بۇلۇت، ئۈزۈم، مېۋە

20 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار. ياسالما سۆپەتلەرنىڭ قانداق قوشۇمچىلەر ئارقىلىق ياسالغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

كېچە، سۈتتەك ئايدىڭ. ئاسماندا ئالقاندەك بۇلۇت كۆرۈنمەيدۇ. بۇلۇتسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار خۇددى لامپۇچكىدەك چاقناپ تۇراتتى. تاۋاقتەك تولۇن ئاي ئەتراپنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتماقتا. بىز ئەينەكتەك پاقىراپ تۇرغان سىمونت يول بويلاپ زاۋۇتقا يول ئالدۇق. ئۇ يەردە بىزنى ئىشچان، كۈچلۈك قىزيىگىتلەر كۈتۈپ تۇراتتى.

21 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار بىر نەچچە جۈملە تۈزۈڭلار، جۈملە ئىچىدە سۆپەتلەرنى كەلتۈرۈڭلار.

ئۈلگە: ئالىم ئىشچان بالا.



Altun Oq

## 6. سۈپەت دەرىجىلىرى

مەن قىزىل گالستۇك تاقىدىم.
رابىيە قىپ-قىزىل لېنتا ئالدى،
مەن قىزىلراق بوياق ئالدىم.
رابىيە قىزغۇچ بوياق ئالدى.

بىر خىل تۈردىكى سۈپەتلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق ياكى كەملىك تەرىپىدىن ئاجرىلىشىنى سۈپەت دەرىجىلىرى دەيمىز.

سۈپەت دەرىجىلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. سېلىشتۇرۇش سۈپىتى (ياخشى-ياخشىراق، كۈچلۈك-كۈچلۈكرەك)...
2. ئاشۇرۇش سۈپىتى (كۆپ-كۆك، قاپ-قارا)...
3. كەمسىتىش سۈپىتى (كۆكۈش، قىزغۇچ، ئاقۇش) ...

## 7. ئاددى سۆپەت ۋە كەمستىش سۆپىتى

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۆپىتىنى بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرماي، ئاشۇرماي ۋە كەمستمەي، ئاددى هالدا بىلدۈرگەن سۆ-پەتلەرنى ئاددى سۆپەت دەيمىز.

**مەسىلەن:** قىزىل، سېرىق، يېشىل، ياش، يوغان، تاتلىق، چۈچۈمەل، نازۇك

ئاددى سۆپەت سۆپەت دەرىجىلىرىنىڭ ياسىلىشى ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ.

**22 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئاددى سۆپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. كەڭ دالىنى يېشىل چىمەنلەر قاپلىدى. 2. ئاپپاق قويلار كۆك چۆپلەرنى كىرتىلدىتىپ يىمەكتە. 3. گۆشىمىزنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق ئاق قويىدىن باشقا قارا، سېرىق، ئالا قويلىرىمۇ بار. 4. دادۇيىمىزنىڭ تاتلىق قوغۇنلىرى هەرقايسى جايلاردا ماختاشقا ئېرىشتى.

**23 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار. ئاددى سۆپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

جەسۇر جەڭچى تۇرىدۇ پوستا،
ئاپتوماتنى تۇتۇپ قولىدا.

ئۆتكۈر كۆزى ئۇيقۇدىن يىراق،
ۋەتەن مېھرى قايىنار دىلىدا.

تاغدا ئۆسكەن يېشىل قارغاي ئۇ،
قورقۇتالماس ئۇنى قار ـ بوران.
قورقۇتالماس دۈشمەن ھەيۋىسى،
ئۇ بۆركۈتتەك باتۇر قەھرىمان.
......

جەسۇر جەڭچى تۇرىدۇ پوستا،
دۈشمەنلەرگە غەزەپ ياغدۇرۇپ!
سوزسا دۈشمەن ئىبلىس قولىنى،
غەزەپ ئوتىدا كۆيەر كۈل بولۇپ.

نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىدىكى كەملىكنى ئاڭلاتقان سۈپەتلەرنى كەمىتىش سۈپىتى دەيمىز.

كەمىتىش سۈپىتىنى ياساش ئۈچۈن، ئاددى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «ۇش، ـ ئۇش، غۇچ، مىتۇل» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئاق ـ ئاقۇش، كۆك ـ كۆكۈش، قىزىل- قىزغۇچ، قارا ـ قارامتۇل

**24 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندە ئىككى ئوقۇغۇچى تەرىپىدىن سوئال ـ جاۋاپ تەرىقىسىدە ئېيتىلىۋاتقان جۈملىلەرنى ئو-

قۇپ چىقىڭلار. جۈملىدىكى كەمستىش سۆپەتلىرىنى كۆچۈ-رۈۋېلىڭلار.

— گۈلبوستان، سىزنىڭ دەپتىرىڭىزنىڭ تېشى كۆ-كۈشمۇ، نىمە؟

— ياق، سىز رەڭ تونۇمايدىكەنسىز - ھە؟ ساغۇچقۇ.

— ساغۇچ دىگەن قانداق بولىدۇ؟

— ساغۇچ دىگىنىمىز ئاچ سېرىق.

— يەنە قانداق رەڭلەرنى بىلىسىز؟

— قىزغۇچ، ئاقۇش، قارامتۇل، كۆكۈش رەڭلەرنى بىلىمەن.

25 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆپەتلەرگە « ئۇش، ئۈش، غۇچ، مىتۇل» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، كەمستىش سۆپىتىنى ياساڭلار

قىزىل، قارا، كۆك، سېرىق، ئاق

26 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ، ئۈچ جۈملە يېزىڭلار. ھەر بىر جۈملىنىڭ ئىچىدە كەمستىش سۆپىتى بولسۇن.



Altun Oq

## 8. سۆپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

جۈملىدە سۆپەتلەر تولاراق ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىسىملاردىن بولغان بۆلەكلەرنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** چوڭ زاۋۇت قۇرۇلدى (قانداق زاۋۇت؟). كەڭ ئېتىزنى ئاپپاق پاختىلار قاپلىدى. كۆپ - كۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى.

ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن سۆپەتلەر ئىگە ھەم خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.
ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن سۆپەتلەرگە باش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلسە، ئۇنداق سۆپەتلەر تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** قىزىل (ئىگە) چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ياشلار (ئىگە) جۇرئەتلىك بولۇشى كېرەك. قادىر ئەخلاقتا ياخشى (خەۋەر). ياخشىغا (تولدۇرغۇچى) ئىشارە. بىز ياخشىلاردىن (تولدۇرغۇچى) ئۆگىنىمىز.

**27 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. سۆپەتلەرنىڭ قانداق مەنىدە كەلگەنلىكىنى ھەم

قانداق بۆلەك بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. تاغ ھاۋاسى يېقىملىق. 2. ياشلار سۆزلەشكە، ئىشلەشكە جۈرئەتلىك بولۇشى كېرەك. 3. ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن يەنە بىر چوڭ زاۋۇت قۇرۇلدى. 4. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى ئىسسىقراق. 5. مەكتەپ ھاياتى كۆڭۈللۈك. 6. ساپ ھاۋا تەنگە داۋا. 7. ياخشىلىق يەردە قالماس (ماقال).

## سۆپەت توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

28 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى مەسەلىنى ئوقۇپ، تۆپ سۆپەتلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ياسالما سۆپەتلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

### تۆلكە بىلەن ئۈزۈم

ئاچ تۆلكە ئۈزۈملۈك بىر باققا كىردى:
باراڭلاردا ئۈزۈملەر تۇراتتى پىشىپ،
ساپاقلار ياقۇتتەك تاۋلانماقتا ئىدى،
ھەربىرى تۆلكىنىڭ كۆزىنى ياندۇرۇپ.
شۇنىسى يامانكى، ئۈزۈم بەك ئىگىز،
تۆلكە بەك ئۇرۇندى، ئالالمىدى ھەرگىز،
غۇچۇرلىدى چىشلىرى، ئاقتى شۆلگەي بەك
ئۈزۈملەر خوپ تاتلىق، خۇددى ھەسەلدەك.
بىكارغا ئاۋارە بولۇپ بىر سائەت،
كېتەرىدە چىدىماي دىدى «نىمە ھاجەت!
كۆرۈنۈشكە ياخشى، لېكىن ئاچچىق غورا،
بىر تالمۇ پىشىپ يېتىلگىنى يوقتۇ،
يىگىنىڭ بىلەنمۇ چىش قاماشتۇرىدۇ».

29 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، سۈپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار ھەمدە كەمسىتىش سۈپەتلىرى بىلەن ئاشۇرۇش سۈپەتلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

كۈزدە ئېتىزلار كۈز كىيىملىرىنى كىيىپ، تۈرلۈك رەڭ ئالىدۇ. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سېرىق، قىزغۇچ، يېشىل بولۇپ تاۋلىنىدۇ. پاختىزارلاردا پاختىلار ئاپپاق بولۇپ ئېچىلىشقا باشلايدۇ. كۈز — مېۋىلەر پىشقان، تەبىئەت گۈزەل، ساغۇچ رەڭگە كىرگەن، ئېتىزلاردا ئىش قايىنىغان سۆيۈملۈك بىر پەسىلدۇر. دېخانلار ئەتىگەن — كۆكۈش ئاسماندا يۇلتۇزلار تېخى پاقىراپ تۇرغان ۋاقىتتىلا ئىشلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. كەچ كۈز كۈنلىرى ھاۋا سوۋۇپ، ئەتىگەنلىكلىرى ئاشلىقلار ۋە ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستى ئاپپاق قىرو بىلەن قاپلىنىدۇ. بارا - بارا ئېتىزلاردا پەقەت كۈزلۈك بۇغدايلا قالىدۇ. ئۇلار قار ئاستىدا زەرەرسىز ساقلىنىپ، باھاردا قىر ۋە ئېدىرلارنى كۆپ - كۆك مايسىلار بىلەن بېزەيدۇ.

# 9. سانلارنىڭ ئىملاسى

> مۇرەككەپ سانلارنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى سانلار ئايرىم - ئايرىم يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىر مىڭ توققۇز يۈز قىرىق توققۇزىنچى يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بىز بەش يۈز ئون ئىككىنچى بۆلۈمدە ئىشلەيمىز.

> دەرىجە سانىنى رەقەم بىلەن يازغاندا، ساناق سانغا ئۇلىنىدىغان «ىنچى، ىنچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئورنىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** 1984 - يىل، 4 - ئاي، 5 - مەكتەپ، 3 - دوختۇرخانا

> كەينى - كەينىدىن ئېيتىلغان ئىككى ساننىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** 5 - 10 بالا، 10 - 15 دەپتەر، 8 - 9 ماشىنا

**30 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، يازغاندا سانلارنى رەقەم بىلەن كۆچۈرۈڭلار. كەينى- كەينىدىن ئېيتىلغان سانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇڭلار.

1. ئوقۇغۇچٮلار يەتتە سەككٮز كٮلومېتٮر كېلٮدٮغان يەرگە سەيلٮگە كەتتی. 2. ئۇلار ئۇ يەردە تۆت بەش سائەت بولدۇ. 3. قۇرباننٮڭ دادٮسی ئەللٮك ئاتمٮش ياشلاردا بار. 4. دۈينٮڭ سەيلٮگٮدٮن بەش ئالتە كٮلوگٮرام كېلٮدٮغان بەسەيلەرنی ئالدۇق. 5. قويچی ھامۇت ئۈچ تۆت يۈز قوينی ئۆزی يالغۇز بېقٮۋاتٮدۇ.

## 10. سانلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلەر

سانلاق سانلارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: بەشلەر، يۈزلەر، مىڭلار

سانلاق سانلارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، ئۇلار ساننىڭ ئۆلچەرلەپ ئېيىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: بىز مۇزاكىرىنى سائەت يەتتە ـ سەككىزلەرگىچە داۋاملاشتۇردۇق. بىز ئەتىگەن سائەت ئالتىلەردە ئورۇندىن تۇرىمىز.

سانلارغا ئىسىملارنىڭ كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغان سانلار ئىسىم مەنىسىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن: تۆتكە بەشنى قوشساق، توققۇز بولىدۇ. مەن، ئازات، گۈلسۈم ئۈچىمىز سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاپ ـ دەپتەرلىرىنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈردۇق. سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن يەتتىسى «ئۈچتە ياخشى» بولۇپ باھالاندى.

31 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ

يېزىڭلار. سانلارغا قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. دادام ئاتمىش ئۈچلەردە بار. 2. يەتتىگە تولغاندا، مەكتەپكە كىرگەن باللار ئون ئىككى ياشتا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردۇ. 3. بەكرى توتىنچىدىن بەشىنچىگە ئەلا كۆچتى. 4. ئوندىن ئالتىنى ئالساق، تۆتى قالىدۇ. 5. بەشكە ئۈچنى قوشساق، سەككىز بولىدۇ. 6. بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككىسى مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىغا قاتناشتى.

سانلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | ساناق سانلارنىڭ تۈرلىنىشى | دەرىجە سانلارنىڭ تۈرلىنىشى |
|---|---|---|
| باش كېلىش | بەش، ئون | بەشىنچى، ئونىنچى |
| ئىگىلىك كېلىش | بەشنىڭ، ئوننىڭ | بەشىنچىنىڭ، ئونىنچىنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | بەشنى، ئوننى | بەشىنچىنى، ئونىنچىنى |
| بېرىش كېلىش | بەشكە، ئونغا | بەشىنچىگە، ئونىنچىغا |
| چىقىش كېلىش | بەشتىن، ئوندىن | بەشىنچىدىن، ئونىنچىدىن |
| ئورۇن كېلىش | بەشتە، ئوندا | بەشىنچىدە ئونىنچىدا |

## سانلارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| شەخسلەر | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I شەخس | بەشىم، ئۈچۈم | بەشىمىز، ئۈچىمىز |
| II شەخس | بەشىڭ، ئۈچىڭ | بەشىڭلار، ئۈچىڭلار |
| III شەخس | بەشى، ئۈچى | بەشى، ئۈچى |

32 ـ **كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار بىر نەچچە سانلارغا ئىگىلىك، كۆپلۈك ھەم كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە ئىيتىڭلار.

## II. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

> قوشۇمچىسىز ئىپتىلغان سانلار ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىسىملارنى سان تەرىپىدىن ئېنىقلاپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** سىنىپىمىزدا 43 ئوقۇغۇچى بار. بىزنىڭ سىنىپقا يېڭىدىن يەنە 2 ئوقۇغۇچى كىردى.

> سانلار، كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، ئىسىملارغا ئوخشاش، جۈملىدە ئىگە، خەۋەر ھەم ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بەشىمىز زاۋۇتتىن كەلدۇق (بەشىمىز — ئىگە). بەشكە بەشنى قوشساق، ئون بولىدۇ (بەشكە بەشنى — تولدۇرغۇچى). ئەيسانىڭ يېشى ئون ئىككىدە — ئون ئىككىدە — خەۋەر).

**33 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. سانلارنىڭ قانداق سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ھەم قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ئاق قەغەزدىن بەش دەپتەر ياسىدىم. 2.

مەن ئۇن ئىككى يېشىمدا باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىـ مەن. 3. يەتتە ئوقۇغۇچى مەكتەپ سەيلىگىدە ئەمگەك قىلـدى. 4. ئۇلار كۆكتات ئۇرۇغىدىن ئىـككى خـالتا يىغدى. 5. بىزنىڭ سىنىپتىن بەش ئوقۇغۇچى يېڭىدىن پىئونېر بولدى. 6. ئۇلارنىڭ ئـۈچى قىـز، ئـىككىسى ئوغۇل. 7. بۇ ئىشنى قىلغان ئىككىمىز. 8. بىـزنىڭ مەكتەپنىڭ تېلېفون نومۇرى ئـۈچ مىـڭ يـەتتە يۈز سەكسەن تۆت. 9. ماڭا بۇ كىتاپتىن بىرسى كېـرەك. 10. ئۇلاردىن ئىككىسى كەلدى.

34 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ يېزىڭـ لار. يازغاندا، سانلارنى سۆز بىلەن يېزىڭلار.

سىز قاچان (قايسى يىلى، قايسى ئاينىڭ نـەچـ چىنچى كۈنى)، نەدە (قايسى شەھەر، قايسى ناھىيە، قايـ سى گۇڭشې ياكى كوچا، نەچچىنچى نومۇرلۇق ئـۆيدە) تۇغۇلدىڭىز؟ ئىسمىڭىز، پەمىلىڭىز نىمە؟ يېشىڭىز نەچـ چىدە؟ دادىڭىز نەچچە ياشتا؟ نىمە ئىـش قىلىدۇ؟ قايسى مەكتەپتە ۋە نەچچىنچى سىنىپتا ئوقۇيسىز؟

## 12. ئالماش

مەن ئەلاچى بولۇشقا تىرىشىمەن. سەن دەرسلەر- نى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈۋاتىسەن. سادىق بىزنىڭ سىنىپتا ئوقۇيدۇ. ئۇ مېنىڭ ياخشى دوستۇم.

جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت ۋە سانلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى- نى ئالماش دەيمىز.

مەسىلەن: ھاكىم ياخشى ئوقۇيدۇ. ئۇ ناھايىتى تىرىشچان بالا. قەلبىنۇر ئۆتكۈر قىز. ئۇنداق بالىلار بىزنىڭ سىنىپتا خېلى كۆپ. توققۇزنى ئۈچكە بۆلسەك، ئۈچتىن تېگىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆتنى قوشساق، يەتتە بولىدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «ئۇ، ئۇنداق، ئۇنىڭغا» دىگەن سۆزلەر ئالماشلاردۇر.

بىز ئالماشلارنىڭ تۈۋەندىكى ئىككى تۈرى بىلەن تونۇشىمىز:

1. كىشىلىك ئالماشلار. 2. كۆرسىتىش ئالماشلار.

1. كىشىلىك ئالماشلار: جۈملىدە كىشى- لەرنىڭ ئىسىملىرى ئورنىغا ئالمىشىپ ئۈچ شەخستە كېلىدۇ.

I شەخس: مەن، بىز


Altunoq

II شەخس: سەن، سىز، سىلەر

III شەخس: ئۇ، ئۇلار

سۆزلىگۈچى ئۆزىنى — مەن (كۆپلۈك بولسا — بىز)، ئىككىنچى شەخسنى — سەن (سىلىق تۈرى — سىز، سىلى، كۆپلۈك بولسا — سىلەر)، ئۈچىنچى شەخسنى — ئۇ (كۆپلۈك بولسا — ئۇلار) دەپ ئېيتىدۇ.

كىشىلىك ئالماشلار تولاراق كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارغا كىم؟ كىملەر؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

2. كۆرسىتىش ئالماشلار: ئۇ، بۇ، شۇ، ئەنە، مانا، مۇنۇ، ئاشۇ، شۇلار، ئاۋۇ

كۆرسىتىش ئالماشلار كىشى ياكى باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىش، ئايرىش، تەيىنلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۇ كىم؟ — بۇ داۋۇت. بۇ نىمە؟ — باغ. ئاۋۇ نىمە؟ — كىتاپخانا. مۇنۇ — بىزنىڭ ئۆي.

**35-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كىشىلىك ئالماشلارنىڭ قانداق سۆزنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

يولداش فاڭ جىمىن ئۆزىنىڭ ئاخىر دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىغىنى بىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلىشنى نىمە دىگەن چوڭقۇر ئويلى-

غان ـ ھە! ئۇ ھەر كۈنى قولىغا قەلەم ئېلىپ، يول‍ـ
داشلارغا خەت يېزىپ، ئۆتمۈشتىكى خىزمەت تەجرىبىلى‍ـ
رىنى يېزىپ، ئۇلارنى داۋاملىق كۆرەش قىلىشقا ئىل‍ـ
ھاملاندۇرىدۇ. ئۇ: «ھەممىدىن ۋاز كېچەلەيمەن، پەقەت
ئىنقىلاپ ئىشىنىلا ھەر سائەت ـ ھەر مىنۇت ئېسىمدە
تۇتىمەن» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «ماڭا ئەڭ ئېغىر كەلگىنى
پارتىيە ئۈچۈن ئىشلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ
قالغانلىغىم» دەيدۇ.

1935 ـ يىل 7 ـ ئايدا، دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆلتۈرد‍ـ
دۇ. شۇ كۈنى ئۇ 10 نەچچە جىڭ ئېغىرلىقتىكى كى‍ـ
شەننى سۆرەپ، بېشىنى تىك كۆتىرىپ، كۆكرىگىنى
كېرىپ، جازا مەيدانىغا قەدەم باسىدۇ.

36 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، كۆرسى‍ـ
تىش ئالماشلارنى تېپىڭلار.

1. بىز بۈگۈن مۇنۇ ماقالىنى ئوقۇدۇق. 2.
سىلەر بۇ ماقالىنى ئوقۇدۇڭلارمۇ؟ 3. ئەنە ئاۋۇ كۆ‍ـ
رۈنگەن — بىزنىڭ مەكتەپ. 4. بۇ بالىنىڭ ئېتى نې‍ـ
مە؟ 5. ئۇنىڭ ئېتى — ۋەلى. 6. مۇنۇ بالىنىڭ ئې‍ـ
تى — دولقۇن. 7. بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ
مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

## 13. ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشى

كىشىلىك ھەم كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئىسىملارغا ئوخشاشلا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ.

كىشىلىك ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | بىرلىك | | | كۆپلۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | مەن | سەن | ئۇ | بىز | سىلەر | ئۇلار |
| باش كېلىش | مەن | سەن | ئۇ | بىز | سىلەر | ئۇلار |
| ئىگىلىك كېلىش | مېنىڭ | سېنىڭ | ئۇنىڭ | بىزنىڭ | سىلەرنىڭ | ئۇلارنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مېنى | سېنى | ئۇنى | بىزنى | سىلەرنى | ئۇلارنى |
| بېرىش كېلىش | ماڭا | ساڭا | ئۇنىڭغا | بىزگە | سىلەرگە | ئۇلارغا |
| چىقىش كېلىش | مېنىڭدىن (مەندىن) | سېنىڭدىن (سەندىن) | ئۇنىڭدىن | بىزدىن | سىلەردىن | ئۇلاردىن |
| ئورۇن كېلىش | مېنىڭدە (مەندە) | سېنىڭدە (سەندە) | ئۇنىڭدا | بىزدە | سىلەردە | ئۇلاردا |

## كۆرسىتىش ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | بىرلىك | | | كۆپلۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | مۇشۇ | شۇ | ئاۋۇ | مۇشۇلار | شۇلار | ئاۋۇلار |
| باش كېلىش | مۇشۇ | شۇ | ئاۋۇ | مۇشۇلار | شۇلار | ئاۋۇلار |
| ئىگىلىك كېلىش | مۇشۇنىڭ | شۇنىڭ | ئاۋۇنىڭ | مۇشۇلارنىڭ | شۇلارنىڭ | ئاۋۇلارنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مۇشۇنى | شۇنى | ئاۋۇنى | مۇشۇلارنى | شۇلارنى | ئاۋۇلارنى |
| بېرىش كېلىش | مۇشۇنىڭغا | شۇنىڭغا | ئاۋۇنىڭغا | مۇشۇلارغا | شۇلارغا | ئاۋۇلارغا |
| چىقىش كېلىش | مۇشۇنىڭدىن | شۇنىڭدىن | ئاۋۇنىڭدىن | مۇشۇلاردىن | شۇلاردىن | ئاۋۇلاردىن |
| ئورۇن كېلىش | مۇشۇنىڭدا | شۇنىڭدا | ئاۋۇنىڭدا | مۇشۇلاردا | شۇلاردا | ئاۋۇلاردا |

37 - **كۆنۈكمە:** يۇقۇرىدىكى ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشىنى ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار.

38 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن ئالماشلارنىڭ تومۇرىنى تېپىڭلار ھەمدە قايسى كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىز بۇگۈن زاۋۇتقا باردۇق. ئىشچىلار بىزنى خوشال-خورام كۈتۈۋالدى. زاۋۇت رەھبەرلىكى بىزگە



Altun0q

زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى، بىز ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندۇق. بىزنىڭ زاۋۇتتىكى ۋاقتىمىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى. زاۋۇت بىزدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

39 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئالماشلارنى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئېغىزچە تۈرلەڭلار.

سىز، مۇشۇ، بىز، بۇ، ئاۋۇ، مۇنۇ

## 14. ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

> باش كېلىشتە كەلگەن ئالماشلار جۈملىدە ئاساسەن ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن كۈندە چېنىقىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. بىز بۇ ئىشتا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز. ئۇلار بۈگۈن كەلمىسە، ئەتە چوقۇم كېلىدۇ.

> كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئالماشلار جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىزنىڭ مەكتەپتە بەش يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە مەسىلىنى يېشىشنىڭ يولىنى چۈشەندۈردى.

**40 - كۆنۈكمە:** تىرناق ئىچىدىكى ئالماشلارغا لايىق كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. (بىز) سىنىپتا ئوتتۇز يەتتە پىئونېر بار. 2. رازىيە (سىلەر) سىنىپتا قانچە پىئونېر بار؟ 3. سادىر (سەن) ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى بارمۇ؟ 4. ئوقۇتقۇچى (بىز) دەرستىن سىرتقى پائالىيەتكە تەشكىللىدى. 5. بىز (ئۇلار) خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق.

**41-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئالماشلارنى

تىپ-پكلار ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## ئاپتوۋۇزدا

ئاپتوۋۇزدا ئادەم ناھايىتى كۆپ. ئابلىكىم ئاپتوۋۇزنىڭ ئالدىنقى ئىشىگى تەرىپىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئاپتوۋۇز بېكەتكە كېلىپ توختىدى. بىر ئايال بالىسىنى كۆتىرىپ، ئاپتوۋۇزغا چىقتى. ئۇ ئۆپ-چۆرىسىگە قارىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە بوش ئورۇن چېلىقمىدى. ئايال بالىسىنى كۆتىرىپ، ئىشىك يېنىدا ئۆرە تۇردى. ئابلىكىم ھېلىقى ئايالنى كۆردى-دە، دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەدە كەلسىلە، مېنىڭ جايىمغا ئولتۇرسىلا، مەن ئۆرە تۇرۇۋېرىمەن،—دېدى.

ھېلىقى ئايال ئابلىكىمگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن، قۇچىقىدىكى ئوغلىغا قاراپ:

— ئەنە كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم، ئاكاڭنىڭ ئەخلاقلىقلىقىنى، چوڭ بولغاندا، سەنمۇ كىشىلەرگە شۇنداق ئەخلاقلىق بول،— دېدى.

بالا ئاپىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

## 15. بۇيرۇق پېئىل

بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، مەسلىھەت، ئۈندەش مەنىسىدە كەلگەن پېئىللارنى بۇيرۇق پېئىل دەيمىز.

مەسىلەن: ياز، ئىشلە، بىل، ئوقۇ، كەل

بۇيرۇق پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ يازسۇن. سەن سۆزلە. ئۇ ئوقۇسۇن.

42 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئىشنى پۇختا ئىشلە. تىرىشىپ ئۆگەن. ياخشى ئوقۇ. دەرسلىرىڭنى ئوز ۋاقتىدا تەييارلا. ئۆيگە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئورۇنلا. دەرسكە كېچىكمەي كەل. كىتاپ، دەپتىرىڭنى پاكىز تۇت.

43 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار بىر قانچە بۇيرۇق پېئىللارنى تېپىپ، ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار.



Altun0q

## 16. هال پېئىل

مەن خەتنى يېزىپ بولدۇم. ئامىنە كىتاپنى ئوقۇپ بولدى. بىز كىتاپ، دەپتەرلىرىمىزنى ئېلىپ، مەكتەپكە باردۇق.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنى ئوقۇڭلار. ئۇلارنىڭ تومۇرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. پېئىل تومۇرىغا قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغان؟

| ئۆز ئالدىغا بىر مەنىنى ئاياقلاشتۇرالمايدىغان، جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىشىدىكى ھالەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ھال پېئىل دەيمىز. |
|---|

مەسىلەن: يېزىپ بولدى، ئوقۇپ بولدۇم، ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ، تىڭشاپ ئولتۇردى.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى «يېزىپ، ئوقۇپ، تىڭشاپ» دىگەن سۆزلەر ھال پېئىللاردۇر.

| ھال پېئىللار بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا « پ، ىپ، ۇپ، ۈپ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. |
|---|

مەسىلەن: ئىشلە + پ (ئىشلەپ) بولدۇم، كەت +

سپ (كېتىپ) قالدى، كۆر + ۋپ (كۆرۈپ) بولدى، ئو-قۇت + ۇپ (ئـوقۇتۇپ) كۆردى.

44 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى بۇيرۇق پېئىللارغا «پ، سپ، -ۇپ، ۋپ» قـوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، هال پېئىللارنى ياساڭلار.

ياز، قارا، ئېيت، سانا، بىل، ئىشلە، سۆزلە، ئۆگەن، ئاڭلا، كۈل

45 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، هال پې-ئىللارنى تېپىڭلار، ئۇلارنىڭ قايسى پېئىل بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

سپارتاك: «قېرىنداشلار! هەركەتلىنەيلى!» دەپ كېسىپ ئېيتتى. بىر قول شۇ هامان قولۇپلاقلىق تۆمۈر ئىشىكنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلىۋەتتى. ئون بىر كىشى بىرلىكتە ئېتىلىپ چىقتى. ئۇلارغا قارشى يۈزمۇ-يۈز مېڭىپ كېلىۋاتقان هەربى ئەمەلدارنى سپارتاك نەيـ-زە سانچىپ ئۆلتۈرىدۇ. پۈتۈن مەيدان شۇ هامان قا-لايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. سپارتاك قىرىپ - چېپىپ، بىر قانلىق يول ئاچىدۇ - دە، قاتتىق ۋاقىرايدۇ. «قـول بولۇشنى خالىمايدىغانلار قوزغىلىڭلار!» سان - ساناقسىز قۇللار تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ. ئاقسۆڭەك-لەرنىڭ قوللىرىدىكى قوراللارنى تارتىۋالىدۇ. ئۇلار ئون بىر كىشى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر قۇدرەتلىك قـوشۇننى تەشكىل قىلىدۇ - دە، قىرىپ - چېپىپ، چىقىپ كېتىشىدۇ.

## ·17 ياردەمچى پېئىل

1· ئوقۇغۇچىلار يىغلىدى·

2· ئوقۇغۇچىلار يىغلىپ قالدى·

3· سىنىڭ خېتىڭنى ئوقۇدۇم·

4· سىنىڭ خېتىڭنى ئوقۇپ چىقتىم·

> جۈملىدە ھال پېئىللارغا قوشۇلۇپ ئىپتىلە-
> دىغان پېئىللارنى ياردەمچى پېئىل دەيمىز·

**مەسىلەن:** مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇم·
ئۇ بۇ كىتاپنى كۆرۈپ چىقتى· بىرىنچى جۈملىدىكى
«ئىشلەپ» ھال پېئىل، «بولدۇم» ياردەمچى پېئىل·
ئىككىنچى جۈملىدىكى «كۆرۈپ» ھال پېئىل، «چىقتى»
ياردەمچى پېئىل·

> ياردەمچى پېئىللار تولاراق جۈملىدە خە-
> ۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارغا ياردەمچى بو-
> لۇپ كېلىدۇ·

**مەسىلەن:** ئىمتىھان باشلىنىپ قالدى· ئۇ بارغان
ئىدى· ئىشلار ئورۇنلانغان ئىكەن·

> جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار ھال پېئىللار-
> دىن كېيىن كېلىدۇ ۋە ھال پېئىللارغا قو-
> شۇلماي، ئايرىم يېزىلىدۇ·

مەسىلەن: دەرسلەر ئۆتۈلۈپ بولدى. ئىمتىھان بېرىپ بولدۇق. بۇ كىتاپنى نۇخان ئالغان ئىكەن. مەن بۇ كىتاپنى ئوقۇغان ئىدىم.

46 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىككى قاتارغا يېزىلغان جۈملىلەرنىڭ ئىچىدىكى پېئىللارنى سېلىشتۇرۇپ، يار- دەمچى پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

| 2 - قاتار | 1 - قاتار |
| --- | --- |
| دەرس باشلىنىپ قالدى. | دەرس باشلاندى. |
| قاسىم كىتاپ ئوقۇغان ئىدى. | قاسىم كىتاپ ئوقۇدى. |
| مەن خەتنى يېزىپ بولدۇم. | مەن خەت يازدىم. |
| ئابلىز تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدى. | ئابلىز تاپشۇرۇق ئىشلىدى. |

47 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يې- زىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ياردەمچى پېئىللارنى قويۇڭلار.

1. سوغاق كۈچىيىپ ...... 2. بىر توپ ئوقۇغۇ- چىلار مەكتەپتىن چىقىپ ...... 3. بىز باققا كۆچەت تىككەن ......، هازىر چوڭ دەرەخ بولۇپ ...... 4. ئوقۇ- غۇچىلار «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنى كۆرۈپ ...... 5. تاپشۇرۇقلار تولۇق ئىشلەنگەن ...... 6. مەن بۈگۈنكى دەرسنى ياخشى چۈشىنىپ......

48 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، خەۋەرلىرىنى تېپىڭلار. هەر بىر جۈملىنىڭ خەۋىرى قانچە سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ ئىچى-

دىكى ياردەمچى پېئىللانى ئايرىڭلار.

1. كەچ كىرىپ قالدى. 2. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپـ
تىن قايتىپ كەلدى. 3. مەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولـ
دۇم. 4. بۇ كىتاپنى جۇرئەتكە بېرىپ قويغىن. 5.
سەن بۇ ماقالىنى باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ چىققىن. 6.
تۈنۈگۈن قار ياققان ئىدى. 7. ئۇ كەلگەن ئىكەن.

## 18. پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى

> پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىشىنى پېئىللارنىڭ شەخسلەر بىلەن تۈرلىنىشى دەيمىز.
> پېئىللار ئۈچ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

پېئىللار شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىككى تۈرلۈك بولۇپ تۈرلىنىدۇ.

1. كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە تۈرلىنىشى:

مەسىلەن: مەن باراي. بىز بارايلى.
سەن بار. سىلەر بېرىڭلار.
ئۇ بارسۇن. ئۇلار بارسۇن.
سەن بارما. سىلەر بارماڭلار.
ئۇ بارمىسۇن. ئۇلار بارمىسۇن.

2. هازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان ۋە كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ خەۋەر مەنىسىدە تۈرلىنىشى:

**هازىرقى زامان**

مەن ئوقۇۋاتىمەن. بىز ئوقۇۋاتىمىز.
سەن ئوقۇۋاتىسەن. سىلەر ئوقۇۋاتىسىلەر.

ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ.      ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ.

### ئۆتكەن زامان

مەن ئوقۇدۇم.      بىز ئوقۇدۇق.
سەن ئوقۇدۇڭ.      سىلەر ئوقۇدۇڭلار.
ئۇ ئوقۇدى.      ئۇلار ئوقۇدى.

### كېلىدىغان زامان

مەن ئوقۇيمەن.      بىز ئوقۇيمىز.
سەن ئوقۇيسەن.      سىلەر ئوقۇيسىلەر.
ئۇ ئوقۇيدۇ.      ئۇلار ئوقۇيدۇ.

پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى:

**1. بۇلۇشلۇق تۈرى**

| شەخسلەر | پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | |
|---|---|---|
| | بىرلىك | كۆپلۈك |
| I شەخس (سۆزلىگۈچى) | ئىشلەي، ئوقۇي | ئىشلەيلى، ئوقۇيلى |
| II شەخس (تىڭشىغۇچى) | ئىشلە، ئىشلىگىن<br>ئوقۇ، ئوقۇغىن | ئىشلەڭلار، ئوقۇڭلار |
| III شەخس (ئۆزگە) | ئىشلىسۇن، ئوقۇسۇن | ئىشلىسۇن، ئوقۇسۇن |

49 - كۆنۈكمە: ئال، ياز، كەل دىگەن پېئىللارنى بۇيرۇق مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭلار.

## 2. بولۇشسىز تۈرى

| شەخسلەر | پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | |
|---|---|---|
| | بىرلىك | كۆپلۈك |
| I شەخس (سۆزلىگۈچى) | كېچىكمەي، ئوينىماي | كېچىكمەيلى، ئوينىمايلى |
| II شەخس (تىڭشىغۇچى) | كېچىكمە، ئوينىما | كېچىكمەڭلار، ئوينىماڭلار |
| III شەخس (ئۆزگە) | كېچىكمىسۇن، ئوينىمىسۇن | كېچىكمىسۇن، ئوينىمىسۇن |

50 - كۆنۈكمە: بار، كەل دىگەن پېئىللارنى بولۇشسىز كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭلار.

### پېئىللارنىڭ خەۋەر مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۆلگىسى



Altunoq

## 1. بولۇشلۇق تۈرى

### بىرلىك

| شەخسلەر | هازىرقى زامان | كېلەدىغان زامان | ئۆتكەن زامان |
|---|---|---|---|
| I شەخس<br>(سۆزلىگۈچى) | ئىشلەۋاتىمەن،<br>يېزىۋاتىمەن | ئىشلەيمەن،<br>يازىمەن | ئىشلىدىم،<br>يازدىم |
| II شەخس<br>(تىڭشىغۇچى) | ئىشلەۋاتىسەن،<br>يېزىۋاتىسەن | ئىشلەيسەن،<br>يازىسەن | ئىشلىدىڭ،<br>يازدىڭ |
| III شەخس<br>(ئۆزگە) | ئىشلەۋاتىدۇ،<br>يېزىۋاتىدۇ | ئىشلەيدۇ،<br>يازىدۇ | ئىشلىدى،<br>يازدى |

### كۆپلۈك

| شەخسلەر | هازىرقى زامان | كېلەدىغان زامان | ئۆتكەن زامان |
|---|---|---|---|
| I شەخس<br>(سۆزلىگۈچى) | ئىشلەۋاتىمىز،<br>يېزىۋاتىمىز | ئىشلەيمىز،<br>يازىمىز | ئىشلىدۇق،<br>يازدۇق |
| II شەخس<br>(تىڭشىغۇچى) | ئىشلەۋاتىسىلەر،<br>يېزىۋاتىسىلەر | ئىشلەيسىلەر،<br>يازىسىلەر | ئىشلىدىڭلار،<br>يازدىڭلار |
| III شەخس<br>(ئۆزگە) | ئىشلەۋاتىدۇ،<br>يېزىۋاتىدۇ | ئىشلەيدۇ،<br>يازىدۇ | ئىشلىدى،<br>يازدى |

## 2. بولۇشسىز تۈرى

### بىرلىك

| شەخسلەر | ھازىرقى زامان | كېلىدىغان زامان | ئۆتكەن زامان |
|---|---|---|---|
| I شەخس | كېچىكمەيۋاتىمەن، | كېچىكمەيمەن، | كېچىكمىدىم، |
| (سۆزلىگۈچى) | ئوينىمايۋاتىمەن، | ئوينىمايمەن | ئوينىمىدىم |
| II شەخس | كېچىكمەيۋاتىسەن، | كېچىكمەيسەن، | كېچىكمىدىڭ، |
| (تىڭشىغۇچى) | ئوينىمايۋاتىسەن | ئوينىمايسەن | ئوينىمىدىڭ |
| III شەخس | كېچىكمەيۋاتىدۇ، | كېچىكمەيدۇ، | كېچىكمىدى، |
| (ئۆزگە) | ئوينىمايۋاتىدۇ | ئوينىمايدۇ | ئوينىمىدى |

### كۆپلۈك

| شەخسلەر | ھازىرقى زامان | كېلىدىغان زامان | ئۆتكەن زامان |
|---|---|---|---|
| I شەخس | كېچىكمەيۋاتىمىز، | كېچىكمەيمىز، | كېچىكمىدۇق، |
| (سۆزلىگۈچى) | ئوينىمايۋاتىمىز | ئوينىمايمىز | ئوينىمىدۇق |
| II شەخس | كېچىكمەيۋاتىسىلەر، | كېچىكمەيسىلەر، | كېچىكمىدىڭلار، |

| | | | |
|---|---|---|---|
| (تىڭشىغۇچى) | ئوينىمايۋاتىسىلەر | ئوينىمايسىلەر | ئوينىمىدىڭلار |
| III شەخس | كېچىكمەيۋاتىدۇ، | كېچىكمەيدۇ، | كېچىكمىدى، |
| (ئۆزگە) | ئوينىمايۋاتىدۇ | ئوينىمايدۇ | ئوينىمىدى |

**51 - كۆنۈكمە:** ئىشلە، ئوقۇ، ماڭ دىگەن پېئىللارنى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەپ جۈملە ئىچىدە ئىپىتىڭلار. ئاندىن كېيىن، ئۇلار جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

> شەخس قوشۇمچىلىرى جۈملىدە خەۋەرگە ئۇلىنىپ، خەۋەرنى ئىگە بىلەن باغلاپ كېلىدۇ.
>
> جۈملىدە ئىگە قايسى شەخستە ئېيتىلسا، خەۋەرمۇ شۇ شەخسنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن ئېيتىلىدۇ ھەم يېزىلىدۇ.

**مەسىلەن:** مەن گېزىتكە ماقالا يازدىم.
سەن گېزىتكە ماقالا يازدىڭ.
ئۇ گېزىتكە ماقالا يازدى.

> لېكىن ھازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان ۋە كېلىدىغان زامانلارنىڭ ھەممىسىدە ئۈچىنچى شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈگى ئوخشاش بولىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ ئوقۇدى. ئۇ ئوقۇيدۇ. ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئوقۇدى. ئۇلار ئوقۇيدۇ.

## 19. سۈپەت پېئىل

بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «غان، قان، گەن، كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇ-لىنىشى بىلەن ياسالغان پېئىللارنى سۈپەت پېئىل دەيمىز.

مەسىلەن: بۇ مەن ئوقۇغان كىتاپ. كېچە ياققان قار يەر يۈزىنى بىر تەكشى قاپلىدى. بىز تىككەن ئالمىلار بۇ يىل مىۋە بەردى. ئىشلىگەنىنىڭ يۈزى يورۇق.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «ئوقۇغان، ياققان، تىك-كەن، ئىشلىگەن» دىگەنلەر سۈپەت پېئىل بولۇپ، «ئوقۇ، ياغ، تىك، ئىشلە» دىگەن بۇيرۇق پېئىللارغا «غان، قان، كەن، گەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان.

سۈپەت پېئىللار ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كې-لىپ، ئۇنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بولىدۇ. بەزىدە سۈپەت پېئىل ئىسىم ئورنىدىمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغان بالا (قانداق بالا؟). ئۆتـ-كەن ۋەقە (قانداق ۋەقە؟). ئەمگەك قىلغانلار قاي-



Altun0q

تىپ كېلىشتى. بۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەن ــ مېنىڭ ئاكام. بۇ جۈملىلەردىكى «قىلغانلار، بەرگەن» دېگەن سۈپەت پېئىللار ئىسىم ئورنىدا كەلگەن.

52 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، سۈپەت پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. بىرلەشكەن ئوزار، بىرلەشمىگەن توزار (ماقال). 2. تونۇگۈن كىتاپ ئالغان بالا بۈگۈن قايتۇرۇپ بەردى. 3. مەيىن شامالدا يەلپۈنىلگەن قىزىل بايراق ئاستىدا بىر توپ ئوقۇغۇچىلار سەيلىگە ماڭدى. 4. بىز تونۇگۈن كۆرگەن كىنو ياخشى ئىكەن. 5. ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، ئىشلىمىگەن چىشلىمەيدۇ (ماقال).

53 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ بىرقانچە جۈملە يېزىڭلار، بۇ جۈملىلەر ئىچىدە سۈپەت پېئىللار بولسۇن.

## 20. پېئىللارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

> پېئىللار جۈملىدە، ئاساسەن، خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

**مەسىلەن:** يېڭى يەردە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۆتكەن ھەرقانداق يىللاردىكىدىن بالدۇر باشلاندى. چوڭ - كىچىك ئېرىقلاردا تاغ سۇلىرى تولۇپ ئاقتى. ئۆزلەشتۈرۈپ تاختىلانغان بوز يەرلەر ئەينەكتەك پاقىرىتىپ سۇغىرىلدى.

> ھال پېئىللار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** زۆھرە ئالدىراپ (قانداق؟) سۆزلىدى. ئويناپ (قانداق؟) سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ (قانداق؟) سۆزلە. بىز تىرىشىپ (قانداق؟) ئۆگىنىۋاتىمىز.

**54 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىڭلار، پېئىللارنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

دېكابىر ئېيىدا ھەممە ياقنى قار باسىدۇ. قار بورانلىرى ئۆزىنى ئۆيىنىڭ دەرىزىلىرىگە ئاپىرىپ ئۇرىدۇ. ئاچچىق سوغ يۈزگە زىقتەك قادىلىدۇ.

ئەنە پايانسىز ئېتىزلارنى، باغلارنى قار قاپلىۋال-

غان. ئەتىگەنكى كۈننىڭ نۇرلىرى قارنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرماقتا. قار پارچىلىرى ئويناپ ئۇچۇڭلار! يەرگە ماموق گىلەملەر يېيىڭلار!

يەرگە تېرىلغان ئۇرۇقلار ئىسسىق قار قاتلىمى ئاستىدا زىيانسىز تۇرىۋېرىدۇ. باھاردا قار سۇلىرى يەرنىڭ تەشنالىغىنى قاندۇرۇپ، ھوسۇلنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ھازىر ئۇرۇقلار تىنچ، راھەتلىنىپ ئۇخلىماقتا. ئېيىق، بورسۇققا ئوخشاش ھايۋانلارمۇ ئۆز ئۆڭكۈرلىرىدە تىنچ ئارام ئېلىپ ئۇخلايدۇ. قىش ئاي-لىرىدا كۈنلەر قىسقا، تۈنلەر ئۇزۇن بولىدۇ.

قان چۇۋۇلغان چاچلىرى ئارىسىدىن پارقىراپ كۆرۈنەت-
تى. بىر نۇقتىغا نەيزىدەك تىكىلگەن كۆزلىرىدە چوڭ-
قۇر خىيال ۋە دەھشەت ئوتى ئەكس ئېتەتتى. ئۇ
ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان نەڭ قىيىن ۋە مۇشەققەت مەسىلە
ئۈستىدە جىددى ئويلىنىۋاتتى. ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك
قىسقا پىكىرلەر بىلەن قايمۇققان ئويى كەينى - كەينىدىن
كېلىپ، ئىككى يولنىڭ ئۈستىدە توختايتتى: ئۇنىڭ بىرى —
ھايات يولى، ئەمما بۇ يولنى خائىنلىق، ۋىجدانسىز-
لىق ۋە ئۇياتسىزلىق بىلەن ئۆتۈش مۇمكىن؛ بىرى —
مامات يولى، لېكىن بۇ پارلاق ۋە شەرەپلىك يول
ئىدى.

قىز بېشىنى ئاستا كۆتىرىپ، چېدىرنىڭ تاشقىرى-
سىغا كۆز تاشلىدى. بۇ چېدىرنىڭ ئوڭ ۋە سول تە-
رەپلىرىدە بىرنەچچە چېدىر بار ئىدى؛ چېدىرلارنىڭ
ئىچىدىن تەرتىپسىز ئاۋازلار ۋە ۋاقىراشلار ئاڭلىنىپ
تۇراتتى. چېدىرلارنىڭ ئالدىدا ھەر تۈرلۈك مەشغۇلات-
لار بىلەن بولۇۋاتقان تۆمۈر قالپاقلىق ئەسكەرلەر كۆ-
رۈنەتتى. قارشى تەرەپتە تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر
يىراقلىقتا، يوپۇرماقلىرى سارغايغان دەرەخلەر ئارىسى-
دىن كۆيۈۋاتقان يېزا، پۈرلۈپ ئاسمانغا كۆتىرىلىۋاتقان
تۈتۈنلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ يېزىدا ھاياتنىن بەلگە
كۆرۈنمەيدۇ.

**57 - كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى پېئىللارنى
تېپىڭلار ھەم ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەل-

# پېئىل توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

55 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، هال پېئىللارنى تېپىڭلار هەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلى-
غىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

جاڭگال ئىچىدىن ئىككى بالىسى بىلەن بىر ئېيىق چىقىپ كەلدى. بالىلىرى ئەركىلەپ، ئانىسىغا ئېسىلىپ قوياتتى. ئېيىق ئۆستەڭنىڭ ياقىسىغا كېلىپ توختىدى. بىر بالىسىنى دۈمبىسىدىن چىشلەپ، سۇغا پاتۇرغان ئىدى، ئېيىق بالىسى تىپچەكلەپ ۋاقىردى. لېكىن ئانىسى ئۇنى مەهكەم تۇتۇۋېلىپ، قويۇۋەتمىدى. يەنە ئىككى - ئۈچ قېتىم سۇغا چۆكۈرۈپ، چىقىرىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئىككىنچى بالىسى جاڭگالغا قاراپ قاچتى. ئانا ئېيىق ئۇنىمۇ تۇتۇۋېلىپ، سۇغا چۆمۈل-
دۈردى.

56 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، سۈ-
پەت پېئىللارنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلى-
غىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئۈستىگە گۈللۈك كۆك تاۋاردىن چاڭسەنزە، پۇ-
تىغا خەي كىيگەن بۇ قىز ئارقىسىغا تۇتۇلغان قوللىرى بىلەن چېدىرنىڭ كەينى تۈۋرۈكگە يۆلىنىپ، هامان سۆزسىز يەرگە قاراپ تۇراتتى. مەڭلىيىدىن ئاققان

گەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

يۈرىگىم سىقىلىپ كەتتى. بۇنىڭغا قانداقمۇ چى-دىغىلى بولسۇن؟ مەن بۇ ياش جەڭچىنىڭ چىداشلىق بېرەلمەي، ئۇشتۇمتۇتلا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كې-تىشىدىن، ياكى ۋاقىرىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. كۆز ئال-دىمدا ئۆز سەپدىشىمىنىڭ كۆيۈپ كېتىپ بارغىنىغا قاراپ تۇرۇشقا چىدىيالمايتتىم. بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۇتنىڭ بىردىنلا ئۆچۈپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلاتتىم. يۈرىگىمگە خۇددى خەنجەر سانچىلغاندەك بولدى. كۆ-زۈمگە ياش تولۇپ، كۆز ئالدىم خىرەلىشىپ كەتتى. پۈتۈن بەنىنىڭ، پۈتكۈل يوشۇرۇنۇپ ياتقان قىسىملار-نىڭ، بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، چىۋۇشاۋيۈن، گويا تۈمەن جىڭ كېلىدىغان يوغان تاشقا ئوخشاش، ياتقان جايىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى.

## 21. رەۋىش

بىز <u>بۈگۈن</u> پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدۇق.
ئوقۇغۇچىلار <u>چاپسان</u> يىغىلدى.

يۇقۇرقى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە سوئال بېرىڭلار.

> ئىش - ھەركەتنىڭ قانداق، قاچان، قەيەردە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى رەۋىش دەيمىز. رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىللار بىلەن باغلىنىپ ئېيتىلدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ چۈشەندۈرۈشگە ئاساسەن، كۆنۈكمىلەرنى چاپسان ئىشلىدى (قانداق ئىشلىدى؟). بۈگۈن ئۆتۈلگەن دەرس چۈشىنىشلىك بولدى (قاچان ئۆتۈلگەن دەرس؟). ئابلىز بىز سىز بىلەن مۇشۇ يەردە ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلاپ بولغىچە ئىشلەيمىز (قەيەردە؟).

رەۋىشلەر تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. ھالەت رەۋىشلىرى: چاپسان، ئاستا، ئاران، ئىلدام، تۇيۇقسىز، ئالمان - تالمان، ئوپۇل - توپۇل، ئالدىرماي، دەرھال .... بۇلارغا قانداق؟ دىگەن سوئال بېرىلىدۇ.

2 . ۋاقىت رەۋىشلىرى: بۈگۈن، كەچ، كۈندۈز، تۈنۈگۈن، ئەتە، بۇرۇن، قەدىمقى، ئاخشام، ھازىر، كېيىن، چۈشتە، ئەتىگەن.... بۇلارغا قاچان؟ دىگەن سوئال بېرىلىدۇ.

3 . ئورۇن رەۋىشلىرى: يۇقۇرى، تۆۋەن، مەشەدە، شۇ يەردە... بۇلارغا قەيەردە؟ قەيەر؟ نەدە؟ قەيىرى؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

> ۋاقىت رەۋىشلىرى پېئىلنىڭ ۋاقتىنى، ھالەت رەۋىشلىرى پېئىلدىن ئاڭلىتىلغان ئىش-ھەركەتنىڭ ھالىتىنى، ئورۇن رەۋىشلىرى پېئىلنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدۇ.
>
> ۋاقىت ۋە ئورۇن رەۋىشلىرىگە «قى، كى» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۈگۈنكى ئىش، تۈنۈگۈنكى دەرس، يۇقۇرقى مەھەللە، ئاستىنقى قەۋەت...

58 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى رەۋىشلەرگە «قى، كى» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، ئۇلارنى ئىسىملار بىلەن بىللە يېزىڭلار.

ئاخشام، كېچە، تۈنۈگۈن، بۈگۈن، بۇرناكۈن، بۇلتۇر، ھازىر، كېيىن، يۇقۇرى، تۆۋەن، بالدۇر، ئاۋال، ئىلگىرى

59 - **كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار بىرقانچە رەۋىشلەرنى تېپىپ، ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار.



AltunOq

**60 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۇملىلەرنى ئوقۇغۇلار، سوئال بېرىپ رەۋىشلەرنى تېپىڭلار.

1. بۇ يىل ئەتىياز بالدۇر كەلدى. 2. قارلار تېزلا ئېرىدى. 3. بۇغداي مايسىلىرى چاپسان ئۆستى. 4. بۇلتۇر تىككەن كۆچەتلەر كۆكەردى. 5. بىز يۇقۇرقى ئىشلەپچىقىرىش دۆيىگە ئەمگەككە باردۇق. 6. بىز دەرھال ئىشقا كىرىشتۇق. 7. چاپسان ئىشلەپ، ۋەزىپىنى بالدۇر تۈگەتتۇق.

**61 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. نۇرغۇن چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا قارشى مەنىلىك رەۋىشلەرنى يېزىڭلار.

يىراق — ... كۆپ — ... ئىلدام — ...

قىيىن — ... ئۆستى — ... ئوڭ — ...

چاپسان — ... ئېگىز — ... ئىچى — ...

كۈندۈز — ... يۇقۇرى — ... بالدۇر — ...

**ئۈلگە:** يىراق - يېقىن

**62 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۇملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، رەۋىشلەرنى تېپىڭلار، ئۇلارنىڭ قايسى سۆزلەرگە باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بىزنىڭ مەكتەپ تۆۋەنكى مەھەللىدە. 2. تېشى سىرلاقلىق، ئىچى مىخلاقلىق (تېپىشماق). 3. غەيرەت ئالدىراپ سۆزلىدى. 4. زاۋۇتقا ئەتىگەن بېرىپ، كەچقۇرۇن كەلدۇق. 5. بۇ يىل ئاشلىق ئوبدان بولدى.

## 22. رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

> رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىلدىن بولغان خەۋەرنى ئېنىقلاپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بىز ھازىر كەلدۇق (قاچان كەلدىڭلار؟). زۆھرە كىتاپنى تېز ئوقۇيدۇ (قانداق ئوقۇيدۇ؟). ئۇ دەرھال كەلدى (قانداق كەلدى؟).

> رەۋىشلەرگە «قى، كى» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئۇلار پېئىللارغا باغلىنىپ كەلمەي، ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما. بۇ يىلقى پىلاندا مەكتىۋىمىزنىڭ ئوسكۈنىلىرىنى تولۇقلاش كۆرسىتىلگەن. بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز تىرىشىپ ئوگىنىش. كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن (ماقال).

**63 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، رەۋىشلەرنى تېپىڭلار. ئۇلارنىڭ جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بۇ يىل مەكتىۋىمىزگە يېڭىدىن ئىككى سىنىپ قوشۇلدى. 2. مەكتىۋىمىز بۇ يىلقى ئوقۇش

مەۋسۇمى ئۈچۈن نۇرغۇن كىتاپلارنى سېتىۋالدى. 3. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلاندى. 4. دېخانچىلىق ئىشى قىزغىن كېتىۋاتىدۇ. 5. دېخانلار بولتۇرقىغا قارىغاندا بۇ يىل يەنىمۇ كۆپ ھوسۇل ئېلىشقا بەل باغلىدى.

64 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئەتە، بولتۇر، ئاخشام، بۇ يىلقى، ئاستا، چاپسان

## 23 - ياردەمچى سۆزلەر

مەن بۇ كىتاپنى ئوقۇدۇم ھەم خاتىرە قالدۇر-دۇم. زەيتۇنە كەلدى، لېكىن باشقىلار كېلەلمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىپ كۆرسەتتى.

> جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنى ھەم قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملە-لەرنى بىر-بىرىگە باغلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر دې-يىلىدۇ.
>
> ياردەمچى سۆزلەر مۇنۇلار: ۋە، ھەم، بىلەن، ھەمدە، يە، ياكى، لېكىن، ئەمما، بىراق، يەنە، ئۇچۇن ۋە باشقىلار.

مەسىلەن: بىز ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە ئەخلاقتا ۋە سالامەتلىكتە ياخشى بولۇشىمىز لازىم. سىنىپىمىزدىن — ئەكرەم، ئادىل، شەرىپە، ئايىنسا، رىزۋان، پەرھات، راملە ھەم خانقىزلار ھەممە پەنلەردىن ئەلا نەتىجى-گە ئېرىشتى. مەن بۇ كىنونى كۆردۈم، ئەمما ياخشى چۈشىنەلمىدىم. بۈگۈنكى يىغىندا يە سەن سۆزلە، يە مەريەم سۆزلىسۇن.



AltunOq

65. گۈنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يې-زىڭلار. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ، ئۇلارنىڭ جۈملىدە نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئاپتونوم رايونىمىز نۇرغۇن ئىشلاردا مەشھۇر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە باغۋەنچىلىك ئىشلىرى بى-لەنمۇ مەشھۇر. ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدىغان ئالما، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم، ئۆرۈك، نەشپۈت ۋە ياڭاق را-يونىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا جايلاردىمۇ زوق بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ داڭلىق مېۋىلەرنى ھەمدە ئۇلارنى يېتىشتۈرگەن باغۋەنلەرنى ھەرقانچە ماختىسا ئەرزىيدۇ.

تۇرپاننىڭ ئۈزۈملىرى — ئاق سايۋا، بىجاقى، قى-زىل سايۋا، ئاق قاشقىر ۋە كىشمىش؛ غۇلجىنىڭ مەن-پەسى، تاغىل، ئاپورت، لىمون ۋە سارىس ئالمىلىرى؛ قەشقەرنىڭ ئەنجۈر بىلەن بېيىسى؛ كورلىنىڭ نەشپۈت بىلەن ئامۇتى؛ يەركەننىڭ ئانار بىلەن شاپ-تۇلى؛ خوتەننىڭ ياڭىغى؛ كۇچارنىڭ ئۆرۈكلىرى شىرىن ھەم قۇۋۋەتلىك ئوزۇق بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلار خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك، ئىسىل بايلىغى بولۇپ ھې-ساپلىنىدۇ. بۇ مېۋىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىن باشقا يەرلەرگە، ھەتتا چەتئەللەرگىمۇ چىقىرىلىدۇ. ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل ھەم چىلان قاتارلىقلار كۆز-لۈگى قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇتۇلغان بۇ مېۋىلەر سۈپىتىنىڭ ياخشىلىغى ۋە تەمىنىڭ شىرىنلىگى بىلەنمۇ ئالاھىدە داڭلىق. بىز داۋاملىق ھالدا مېۋىلىك كۆچەتلەرنى

تىگىش، ئۆستۈرۈش ھەم پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشىمىز، بۇنىڭ بىلەن مەكتىۋىمىزنى، مەھەللە-مىزنى، يېزىمىزنى، ناھىيىمىزنى، ئاپتونوم رايونىمىزنى تېخىمۇ ئاۋات ۋە باغۇ-بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

66 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىر جۈملە بىلەن ئىككىنچى جۈملە-نى باغلاپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

1. كۈن ئىسسىدى ۋە بۇغدايلار باش چىقىرىپ قالدى. 2. ئاسمانىنى بۇلۇت قاپلىدى، لېكىن يامغۇر ياغمىدى. 3. بۇگۈنكى مۇزاكىرىمىز ياخشى بولدى، بىراق بەزىلەر قاتنىشالمىدى. 4. ھۆرنىسا ئۈچتە ياخ-شى ئوقۇغۇچى بولدى، شۇڭلاشقا ئۇ چوڭ يىغىندا مۇ-كاپاتلاندى. 5. ئوقۇتقۇچى دەرسنى ياخشى چۈشەن-دۈرگىنى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار ئوبدان چۈشىنىۋالدى. 6. ئاتىكەم بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىنىڭ لېكسىيىسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەستا-يىدىل خاتىرىلىۋالدى.

67 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يې-زىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق ياردەمچى سۆز-لەرنى قويۇڭلار.

1. خاسىيەت ... ماھىنۇر مەكتەپكە كەتتى. 2. قوڭغۇراق چېلىندى ... دەرس باشلاندى. 3. مەن ئالىم... بىر سىنىپتا ئوقۇيمەن. 4. كۈنلەر ئىسسىدى ... يەرلەر كۆكەردى. 5. ئاي يورۇتىدۇ ... ئىسسىتمايدۇ. 6. بۇ ۋەزىپىنى ... مەن ئورۇنلايمەن ... سەن ئورۇنلايسەن.

## 24. جۈملىدىكى ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىنىش بەلگىلىرى

تىلىمىزدىكى تـۈرلۈك ھىس - تۇيغـۇلارنى (خوشاللىنىش، زوقلىنىش، ھەيران قېلىش، ماختىنىش، زېرىكىش، زاڭلىق قىلىش قاتار- لىق) ۋە ھەر خىل ئاۋازلارنى دوراش، ئادەملەرنى ۋە ھايۋانلارنى چاقىرىش، ھەي- دەش، توختىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئىملىق سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئېيخ، بۇ نىمە دىگەن چەكسىز كەتكەن گۈزەل يايلاق - ھە! (زوقلىنىش) پاھ - پاھ، بۇ ئوقۇ- غۇچىلارنىڭ رەتلىكلىگىگە قارا! (زوقلىنىش، ھـەيران قىلىش) بارىكاللا، سىېنى ئوقۇتقان ئۇستازىڭغا! (خـو- شاللىنىش) غۇر - غۇر شامال چىقماقتا. تاراق - تۇرۇق قىلماڭلار، باللار! يىراقتىن ماشىنىنىڭ گۈر - گۈر قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «ئېيخ، پاھ - پاھ، بارىكاللا، غۇر - غۇر، تاراق - تۇرۇق، گۈر - گۈر» دىگەن سۆزلەر ئىملىق سۆزلەردۇر.

ئىملىق سۆزلەر جۈملىدىكى باشقا سـۆزلەردىن ئېيتىلىش ئاھاڭى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

مەسىلەن: ۋاي-ۋۇي، ئاشلىقلارنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى قارا! پاھ، نىمە دىگەن گۈزەل جاي بۇ!

> بەزى ئىملىق سۆزلەر بىرلا سۆزدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر باشقا سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئېيخ، نىمە دىگەن سالقىن شامال-ھە! ھوي، قاچان كېلىپ قالدىڭىز؟

> بەزىبىر ئىملىق سۆزلەر بىردىن ئارتۇق بولۇپ، قوش ئىملىق ھالىتىدە كېلىدۇ، مۇنداق ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: مىنالار گۈم-گۈم قىلىپ پارتلاش بىلەن تەڭلا، دۈشمەنلەر يەر چىشلىدى. دۈك سۇنرۇي دۈشمەن پوتەيىگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئوقلار ئۇنىڭ بېشىدىن ۋىژ-ۋىژ قىلىپ ئۆتۈپ تۇراتتى.

> ئەگەر ئىملىق سۆزلەر ھىس-تۇيغۇنى بىلدۈرۈپ، كۈچلۈك ئېيتىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئېيخ! مەكتەپ ھاياتى نىمە دىگەن كۆڭۈللۈك. باركاللا! سىلەرنىڭ غەيرىتىڭلارغا.

68- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ

يېزىڭلار. ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق مەنىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بې-رىڭلار.

1. ھوي، خاسىيەت قايتىپ كەپتۇ-ھە؟ 2. ۋاي-ۋۇي، ئۇنى خويما كۆتتۇق-ھە. 3. خەپ، بۇ قېتىم ئۆزەم بىر بېرىپ كەلمىسەم. 4. بالىلارنىڭ پىچىر-پىچىر سۆزلەشكىنى ئاڭلاندى. 5. ئۇھ، ئەجەپ-مۇ چارچىدى كىشى. 6. قالغاچلارنىڭ ۋىچىر-ۋىچىر سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. 7. بارىكاللا! سىزنىڭ ئەقلى-پەمىڭگە.

69 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئىملىق سۆزلەردىن بىرقانچىنى تېپىپ، ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار. يازغاندا ئۇلارنىڭ ئىملاسىغا دىققەت قىلىڭلار.

## 25. ئاددى جۈملە

مەن بۇگۈنكى گېزىتنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم.
سىز قانداق كىتابلارنى ئالدىڭىز؟

يۇقۇرىدىكى جۈملىلەر نىمە توغرىلىق ئېيتىلغان؟
ھەر بىر جۈملە قانچە ئوي ـ پىكىرنى ئاڭلىتىدۇ؟

> مەزمۇن جەھەتتىن پەقەت ئاياقلاشقان بىرلا ئوي ـ پىكىرنى ئاڭلاتقان جۈملىلەر ئاددى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: سىنىپىمىزدا يىغىن ئېچىلدى. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىنى چۈشەندۈردى. ئوقۇغۇچىلار قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى.

بۇ مىساللاردا ئايرىم ئاياقلاشقان ئۈچ ئوي ـ پىكىر ئېيتىلغان: بىرىنچى جۈملە يىغىن ئېچىلغانلىغى توغرىلىق؛ ئىككىنچى جۈملە مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىنى چۈشەندۈرگەنلىگى توغرىلىق؛ ئۈچىنچى جۈملە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن مۇزاكىرە قىلغانلىغى توغرىلىق ئېيتىلغان.

70 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمـدە ئۇلارنىڭ ئاددى جۈملىلەر ئىكەنلىگىنى ئەستە تۇتۇڭلار.

بىز نېفىتچىلار ئەتىدىن كەچكىچە پولات ـ تۆمۈر

بىلەن ھەپلىشىمىز. بىزنىڭ سۆڭگىمىز پولاتتىن قاتتىق بولۇشى لازىم. قوي، قۇدۇقلار مېنى كۈتۈۋاتىدۇ. دۆيجاڭ ئامالسىز ئۇنىڭغا يول بەردى. ھارۋا ئىگىز-پەس، ئەگرى-توقاي يولدا يەنە يەڭگىل مېڭىپ كەتتى.

دۆيجاڭ ۋە ئىشچىلار يىراقلاپ كېتىۋاتقان مۇسا تاغا بىلەن ئايشەمخان ئاچىنىڭ كەينىدىن چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ قېلىشتى.

ھەممىمىز دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرى. دۆيجاڭ مۇسا تاغىنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى. قۇدۇقلار بىزنى كۈتمەكتە. ۋەتەن بىزنى چاقىرماقتا!...

**71 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدا قانچە ئاددى جۈملە بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئالتۇن باشاق بۇغداينى يەلپۈسە شامال،
خۇددى دېڭىزدەك دولقۇنلىنىدۇ.
شۇ ئىغاڭلىغان ئاشلارنى كۆرسەڭ،
دىلىڭ ھوزۇرلىنىپ، زوقۇڭ كېلىدۇ.

بۇغداي شېخىنى ئېگىلدۈرىدۇ،
غېرىچ كەلگۈدەك باشاق تالىسى.
زوق تولۇپ تاشقان شات كۆڭۈللەردەك،
قىنىغا سىغمايدۇ بۇغداي دانىسى.

ئىتنىز يۈزىدە گۈزەل تەبەسسۇم،
كۆرگەن ھەر بىر دىل ھوزۇر تاپىدۇ.
بىر-بىرىنى ناز بىلەن قوچۇپ شوق شامال،
دىخان كۆڭلىگە مىھىر چاچىدۇ.



Altunoq

## 26 . قوشما جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى

يامغۇر توختىدى، لېكىن كۈن چىقمىدى. ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى-دە، دەرس باشلاندى. بىز تۈنۈگۈن مەكتەپتىن كەچرەك كەلدۇق، چۈنكى ئەترەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى.

يۇقۇرقى جۈملىنىڭ ھەر بىرىدە نەچچە ئىگە، نەچچە خەۋەر بار؟ ئۇ جۈملىلەرنىڭ ھەر بىرىنى بۆلۈپ، ئايرىم-ئايرىم ئىككى جۈملە قىلىشقا بولامدۇ؟

> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىگە باغلىنىپ، بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن جۈملىنى قوشما جۈملە دەيمىز.

مەسىلەن: مۇئەللىم سىنىپقا كىردى. ئەخەتتىن دەرس سورىدى. بۇ ئىككى ئاددى جۈملىنى بىر-بىرىگە باغلاپ، مۇئەللىم سىنىپقا كىردى-دە، ئەخەتتىن دەرس سورىدى، دىسەك بۇ قوشما جۈملە بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ جۈملىنى مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپلا، ئەخەتتىن دەرس سورىدى، دەپ ئېيتساقمۇ، بىر قوشما جۈملە بولىدۇ. ھاۋا ئىسسىپ كەتتى، لېكىن بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق. بۇ قوشما جۈملىمۇ ئىككى ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلگەن.

قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر بىر-بىرىدىن پەش (،) ئارقىلىق ئاجرىتىلىدۇ.

مەسىلەن: مۇستەملىكە ئەللەر خەلقى كۈرەش ئېلىپ بارغانلىغى ئۈچۈن، بىز ئۇرلانى قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىدۇق. ئۇ چىنىقىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىقى-تىن، سالامەتلىگى ياخشىلىنىپ كەتتى.

قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر تولارق «ھەم، ۋە، لېكىن، بىراق، ئەمما، ئۈچۈن، بىلەن، بىلەنلا» دىگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار بىلەن، شۇنىڭدەك «دە، سە، سا، دەك، غىچە، گىچە، لىقتىن، لىكتىن، سىپ، پ، ۇپ، ۈپ» قا ئوخشاش قوشۇمچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر-بىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: كەچ كىرىپ قالدى، لېكىن ئەزالار ئىش-تىن قايتمىدى. مەن بۈگۈن ئەتىگەن تۇردۇم ھەم دەرسلىرىمنى تەييارلىدىم. تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولمىغىچە، سىنىڭ بىلەن سىرتقا چىقالمايمەن. ئۇ ئەلا ئوقۇغانلىغى ئۈچۈن، مۇكاپات ئالدى. سەن تىرىشىپ ئۆگەنسەڭ، كېيىنكى نەتىجەڭ چوقۇم ياخشى بولىدۇ. بىز ياخشى ئىشلەپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم.

قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئاددى جۈملىلەر «ۋە، ھەم» باغلىغۇچىلىرى بىلەن باغلىنىپ كەلسە، ئاددى جۈملىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلمايدۇ.

**مەسىلەن:** تۇرغان ئىشخانىغا كىردى ھەم قولىدىكى تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى ئۈستەل ئۈستىگە رەتلىك قويدى. ئۇ ئەدەپ بىلەن ئۈستەل ئالدىغا كەلدى ۋە قولىدىكى ئىلتىماسنى ئوقۇتقۇچىغا سۇندى.

ئەگەر قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئاددى جۈملىلەر «ئۈچۈن، بىلەن، بىلەنلا» دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار ياكى قوشۇمچىلەر ئارقىلىق باغلىنىپ كەلسە، پەش ئۇلاردىن كېيىن قويۇلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، مەسىلىنى توغرا يېشەلىدى. ئازات كىتابنى قولىغا ئېلىش بىلەنلا، شارىلداپ ئوقۇشقا باشلىدى. ھاۋا شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرلىدىكى، گويا يەر سىلكىنىپ كەتكەندەك بولدى.

**72 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى لەتىپىنى ئوقۇڭلار ۋە ئۇنىڭدىكى قوشما جۈملىلەرنى تېپىپ، ھەر بىرىنىڭ قانچە ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## ئۆپكە - ھېسىپ

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارسا ئاغىنىسى ئۆپكە - ھېسىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ئۆپكە - ھېسىپ ئەپەندىمگە تېتىپ كېتىپتۇ ۋە ئاغىنىسىدىن بۇ غىزانى قانداق ئېتىشنى سوراپتۇ. ئاغىنىسى دەپ بەرسە، ئەپەندىم: «خاتىرەم ياخشى ئەمەس، قەغەزگە يېزىپ بېرىڭ» دەپ، قەغەزگە يازدۇرۇۋاپتۇ.

ئەتىسى ئۆپكە - ھېسىپ قويۇپ يېيىش ئۈچۈن، قاسساپتىن ئۆپكە ھەم ئۈچەي ئېلىپ كېلىپ، پىشايۋان تۈۋرۈكىگە ئېلىپ قويغىنىدا، ئۇنى پەس ئۇچۇپ يۈرگەن بىر سا ئېلىپ قېچىپتۇ. ئەپەندىم پەرۋاسىز ھالدا ئاسمانغا قاراپ ۋاقىراپتۇ:

— ئەخمەق سا، ئۆپكىنى ئېلىپ قاچقىنىڭ بىلەن، قەغەز مېنىڭ قولۇمدا، بەرىبىر قويۇپ يېيەلمەيسەن.

73 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، قوشما جۈملىلەرنى تېپىڭلار، ئۇلارنىڭ قانچە ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك «ۋە، ھەم» باغلىغۇچىلىرىنىڭ قانداق قوللىنىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بۇ بالا — ئەنە شۇ رۇنتۇ ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغدا، ئۇ 11 ياشلاردا بولۇپ، ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە ھازىر 30 يىلچە بولدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ دادام ھايات، ئۆي ئەھۋالىمىزمۇ ئوب-



AltunOq

دان بولۇپ، مېنىڭ تازا بايۋەچچىلەردەك ئۆسۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى...

رۇنتۇ دىگەن بۇ ئىسىمنى مەن خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ يۈرەتتىم ۋە ئىككىمىزنىڭ بىر دىمەتلىك ئىكەنلىگىنىمۇ بىلەتتىم. ئۇ كەبىسە يىلى تۇغۇلغان ھەم ئۇنىڭ تەقدىرىنى كۆزلەپ كىتاپ ئاچقاندا، ئۇنىڭ يۇلتۇزىدا بەش جىسىمدىن پەقەت تۇپراقلا يېتىشمەيتتى...

مەن يېڭى يىلنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم، چۈنكى شۇ كۈن رۇنتۇنىڭ كېلىدىغان كۈنى ئىدى... ئۇ بۇغدىيۆڭلۈك، يۈزى دۈپ ـ دۈگلەك بالا بولۇپ، بېشىغا كىگىز مالىخاي كىيگەن، بويىنىغا پاقىراق كۈمۈش مۇنچاق ئېسىلغان ئىدى... بىز ئىككىمىز يالغۇز قالغاندىن كېيىن، سۆھبەتلىشىپ كەتتۇق ۋە يېرىم كۈن ئۆتمەيلا، دوستلىشىپمۇ قالدۇق.

ئۇ چاغدا بىزنىڭ نىمە توغرىلىق پاراڭلاشقانلىـ غىمىز ئېسىمدە يوق، پەقەت رۇنتۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەـ ھەرگە بارغانلىغىنى ۋە ئۇ يەردە ئىلگىرى ھىچ كۆـ رۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرگەنلىگىنى خۇش خۇيـ لۇق بىلەن ھىكايە قىلىپ بەرگىنى ياددىمدا.

74 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئاددى جۈملىلەردىن قوشـ ما جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار ھەمدە مۇۋاپىق جايلارغا پەش قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار.

1. سائادەت كىنوغا باردى. مەن بارالمىدىم.

2. تاڭ يورىدى. ئىشچىلار ئىشقا ماڭدى. 3. كۈن چىقتى. ئەتراپ نۇرغا چۆمۈلدى. 4. كۈن ئولتۇردى. بىز شەھەرگە كىرىپ كەلدۇق. 5. ياز ئايلىرى كەلدى. ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى. 6. مەن ئۆيگە كىردىم. ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن.

## 27. كۆچۈرمە جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى

> سۆزلىگۈچىنىڭ ياكى يازغۇچىنىڭ سۆزى ئىچىدىكى ئۆزگەرتىلمەي ئېيتىلغان ياكى يېزىلغان باشقا بىرسىنىڭ گەپلىرىنى كۆچۈرمە جۈملە دەيمىز.

كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق («......») ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە: «ئوقۇغۇچىلار، ئەدەپلىك بولۇڭلار! ئەلا ئوقۇش ئۈچۈن تىرىشىڭلار!» دېدى.

«مەن تىككەن كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇتۇپتۇ، بۈگۈن ئۇلارنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ، سۇغاردىم» دېدى رۇستەم.

> كۆچۈرمە جۈملە يازغۇچىنىڭ سۆزىدىن كېيىن كەلسە، كۆچۈرمە جۈملىدىن ئاۋال قوش چېكىت (:) قويۇلۇپ، كۆرچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن: پۇرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي مۇنداق دېگەن: «بىلىمدىن قۇۋۋەتلىك كۈچ يوق؛ بىلىم بىلەن قوراللانغان ئادەم يېڭىلمەيدۇ.»

ئەگەر كۆچۈرمە جۈملە يازغۇچىنىڭ سۆز-ىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئال-دىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئاتا-بوۋىلىرىمىز: «كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق كېرەك» دېگەن.

يازغۇچىنىڭ سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، يازغۇچى سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن پەش (،) ھەم سىزىق (—) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: «ئوغلۇم، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمە، — دېگەن ئىدى دادام، — ئوقۇ، بىلىم ئال.»

75 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ-لار. كۆچۈرمە جۈملىلەرنى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىڭلار.

## ساياھەتچى پاقا

بىر پاقا جەنۇپقا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان ئۆدەك-لەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. پاقا ئۆدەكلەرگە: مېنىمۇ ئۆزەڭلار بىللە ئېلىپ كېتىڭلار! — دەپتۇ. ئۆدەكلەر: قانى-تىڭ يوق تۇرسا، بىز بىلەن قانداق كېتەلەيسەن؟ دې-يىشىپتۇ. پاقا: سىلەر ئىككىڭلار بىر چىۋىقنى ئېلىپ


AltunOq

ئىككى ئۇچىدىن چىشلەيسىلەر، مەن ئوتتۇرىسىنى چىشلىۋالىمەن، سىلەر غاقىلدىمايسىلەر، مەن كۇرۇلدىمايمەن، — دەپتۇ. ئۆدەكلەر پاقىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، ماقۇل دەپتۇ. كۆپ ئۆتمەي، پاقىمۇ ئاسمانغا كۆتىرىلىپتۇ. پاقا خوشاللىقىدىن كۇرۇلدىغۇسى كەلسىمۇ، لېكىن يەرگە چۈشۈپ كېتىشى ئىسىگە چۈشۈپ، ئاغزىنى ئاچماپتۇ. بۇ ھادىسىنى كۆرگەن ئادەملەر ھەيران قىلىپ: بۇنى كىم ئويلاپ تاپقاندۇ، — دېيىشىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پاقا ئويلاپ تاپقان ئامالىنى ئېيتماي چىدىيالماپتۇ ۋە مەن ئويلاپ تاپتىم، مەن، — دەپ ۋاقىرىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پاقا موللاق ئاتقىنىچە يەرگە ئوقتەك چۈشۈپتۇ.

76 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار بىرنەچچە جۈملە تۈزۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆچۈرمە جۈملە بولسۇن.

## 28. قىستۇرما سۆز ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى

> ئۆزى جۈملىنىڭ بۆلىكى بولالمايدىغان ۋە جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرگە سۆزلىگۈچىنىڭ كۆزقارىشىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قىستۇرما سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** مېنىڭچە، قادىرنىڭ ئېيتقىنى توغرا. ئەلۋەتتە، ياخشى ئىشلىسەك، مول هوسۇل ئالىمىز. راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۈگۈن مەكتەپكە كېچىكىپ قالدىم.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «مېنىڭچە، ئەلۋەتتە، راستىنى ئېيتقاندا» دىگەن سۆزلەر قىستۇرما سۆزلەردۇر.

> قىستۇرما سۆزلەر بىر سۆزدىنمۇ، كۆپ سۆزلەردىنمۇ تۈزۈلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئېهتىمال، بۈگۈن يامغۇر يېغىپ قالار. مېنىڭ قارىشىمچە، بالىلارنىڭ ئوقۇشقا هەۋىسى ناهايىتى كۈچلۈك.

> ئەگەر قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزلەردىن كېيىن پەش (،) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: شەك - شۈبھىسىزكى، بىز تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز. ئەڭ مۇھىمى، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىشىمىز كېرەك.

> ئەگەر قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىدىن پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: بىز، راستىنلا، سىلەر بىلەن ئىشلەشكە كەلدۇق.

> ئەگەر قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزدىن ئاۋال پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: بىز، ۋەتىنىمىزنى چىن دىلىمىزدىن سۆيىمىز، ئەلۋەتتە.

**77 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، قىستۇرما سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. ئەڭ مۇھىمى، ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزمەسلىك لازىم. 2. مېنىڭ پىكرىمچە، سىز يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. 3. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، ئاتاپ ئېيتقاندا، ئۆگىنىشتە، ئەخلاقتا ھەم سالامەتلىكتە ياخشى بولۇش. 4. تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنلايمىز، ئەلۋەتتە. 5. ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، سىنىپىڭلارنىڭ بۇ يىلقى ئۆگىنىش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇۋېتىپتۇ.

78 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا تۆۋەندە بېرىلگەن قىستۇرما سۆزلەرنىڭ لايىغىنى قويۇڭلار، ھەمدە كېرەكلىك يەرلىرىگە پەش قويۇڭلار.

1. ... ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى كۈچلۈك. 2. مەن... ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ياخشى بىلىۋالدىم. 3. ... بىز ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 دە مەكتەپكە ماڭىمىز. 4. ئەخەتنىڭ ئېيتقانلىرى ... توغرا. 5. بىز سۇ ئۈزۈشنى ... ياخشى كۆرىمىز.

كېرەكلىك سۆزلەر: ھەقىقەتەن، راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزەڭلارغا مەلۇم، ئېھتىمال، سەن ئېيتمىساڭمۇ

79 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار قىستۇرما سۆزلىرى بار 5 جۈملە يېزىپ كېلىڭلار.

80 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تىرناق ئىچىدىكى قىستۇرما سۆزلەرنى قوشۇپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئۇ سۆزلەرنى ئاۋال جۈملىنىڭ بېشىدا، كېيىن ئوتتۇرىسىدا كەلتۈرۈڭلار.

1. كېيىنكى ھەپتىدە قىشقا سىناق ئېلىنىپ قالار (بەلكىم). 2. تەن ساقلىقنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى تازىلىققا رىئايە قىلىش (ئېيىتقانلاردا بولسۇن). 3. بىزنىڭ سىنىپىمىزنىڭ تازىلىقى ياخشى (مېنىڭچە). 4. تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىشلەيمىز (ئەلۋەتتە). 5. بىز مەكتەپتە، ئۆيدە ۋە كوچىدا تەرتىپلىك بولۇشىمىز لازىم (ئېسىمىزدە بولسۇن).



AltunOq

## 29 · قاراتما سۆز ۋە ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسى

> جۈملىدە باشقا بىرەر كىشىگە ياكى نەرسىگە قارىتىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر بولىدۇ، مۇنداق سۆزلەرنى قاراتما سۆز دەيمىز.

**مەسىلەن:** يولداشلار، تىرىشىپ پەن - تېخنىكىنى ئىگەللەڭلار! ئانارخان، سىز قايسى سىنىپتا ئوقۇيسىز؟ دەرس تەرتىۋىنى ساقلايلى، ئوقۇغۇچىلار!

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «يولداشلار، ئانارخان، ئوقۇغۇچىلار» دىگەن سۆزلەر قاراتما سۆزلەردۇر.

> جۈملىدىكى قاراتما سۆزلەر باشقا سۆزلەرگە قارىغاندا كۆتىرەڭگۈ ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** ئېخ باھار، نىمانچە يېقىملىقسەن! ئاپا، مەن مەكتەپكە كەتتىم.

**81 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. قاراتما سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. ئوقۇغۇچىلار، ھازىر سىنىپ يىغىنى بولىدۇ.
2. يولداش مۇختار، سىز بىرىنچى قېتىم سۆزلەيسىز.

3. مۇنۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ، يولداش قاسىم.
4. سالام سىلەرگە، قەھرىمان جەڭچىلەر!
5. يولداشلار، ھەممە ئىشتا تىرىشچان بولايلى!
6. باللار، قاينىمىغان سۇنى ئىچمەڭلار!

| قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن باغلانماي، ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئېيتىلىدۇ. قاراتما سۆزلەر بىر ياكى بىرقانچە سۆز بىلەنمۇ كېلىدۇ. |
|---|

مەسىلەن: ساۋاقداشلار، ئۆزئارا ئىتتىپاق ۋە ئىناق بولايلى! قەدىرلىك دوستۇم ئابلىز، سىزنى ئۆگىنىشتىكى ئالاھىدە نەتىجىڭىز بىلەن تەبرىكلەيمەن.

| قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، ئۇنىڭدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. |
|---|

مەسىلەن: ساۋاقداشلار، ۋەتىنىمىزنى كۆكەرتىش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشايلى!

| قاراتما سۆز جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن پەش قويۇلىدۇ. |
|---|

مەسىلەن: سەن، ھەسەن، ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلغىن، جۇمۇ!

| قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، ئۇنىڭ ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ. |
|---|

مەسلەن: تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاڭ، سارىخان!

82 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. قاراتما سۆزلەرنى جۈملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ھەم ئاخىرىدا كەلتۈرۈپ يېزىڭلار ۋە تېگىشلىك تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار.

1. باللار، تازىلىقنى ساقلاڭلار! 2. ھاشىم، دەرسلىرىڭنى تەكرار قىلىپ بولدۇڭمۇ؟ 3. قىممەتلىك دوستلار، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدىن چىقارمايلى! 4. سالام سىلەرگە، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار!

> بەزى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن قاراتما سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ. بۇ قاراتما سۆزنىڭ كۈچلۈك، كۆتىرەڭگۈ تاۋۇش بىلەن ئېيتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: يولداشلار! ئاخىرقى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنىمۇ تىرىشىشىمىز لازىم.

83 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا قاراتما سۆزلەرنى قويۇڭلار ۋە تېگىشلىك ئورۇنلارغا تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار.

1. ...سىلەر كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى. 2. ... بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماڭلار. 3. ... بۈگۈندىن

كېيىن، بىر-بىرىمىزگە ياردەم بېرىپ، بىرلىكتە ئالغا باسايلى. 4. بىز...ئۆز ۋەزىپىمىزنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنـ ـتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. 5. چوڭلار «ئۆتكەن كۈـ نۈڭنى ئۇنۇتما، شىر چورۇغۇڭنى قۇرۇتما.» دەپتىكەن...

**كېرەكلىك قاراتما سۆزلەر:** يولداشلار، ساۋاقداشـ ـلار، دوستۇم غېنى، ئوقۇغۇچىلار، ياشلار

**84 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. قاـ ـراتما سۆزلەرنىڭ قانچە سۆزدىن تەركىپ تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. پىئونېر ساۋاقداشلار، بىز ھەر بىر ئىشتا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم! 2. دادا، مەن بۈگۈن پىئونېر بولدۇم. 3. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى يولداشلار، بىز ئوقۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، بىرـ ـلىكتە كۈرەش قىلايلى! 4. ئوقۇغۇچىلار، بەدەن چېنىقـ ـتۇرۇش ھەركىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىڭلار!

**85 - كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار قاراتما سۆزلىرى بار بىرـ قانچە جۈملە يېزىڭلار. كېرەكلىك جايلارغا تىنىش بەلگىـ ـسى قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار.



Altun0q

## 30. بەزى قوشۇمچىلەرنىڭ ئىملاسى

قوش تىرناق ۋە يالاڭ تىرناقلارنىڭ ئىچىدىكى سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلارنىڭ سىرتىغا يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: بىز بۈگۈن ئەدەبىيات دەرسلىكىدە «نۇزۇگۇم ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى» نى ئۆتتۇق. مەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گە يېزىلدىم. بىر قېتىم، لېنىن يولداشلارغا يازغان خېتىدە ئىنتايىن قىزىقچىلىق قىلىپ: «بۈگۈن ئىش ئوكىغا تارتىمغاچقا، ئۇدا 6 «سىيا قۇتىسى» نى يەۋەتتىم» دىگەن.

سانلارغا ئۇلىنىپ كەلگەن قوشۇمچىلەر ئايرىم يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: 2 دىن، 9 غا، 15 كە، 40 نى

سانلاردىن كېيىن دەرىجە سان قوشۇمچىلىرى يېزىلمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا سىزىقچە (ـــ) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: 2-دوختۇرخانا (ئىككىنچى دوختۇرخانا)، 5 - قەۋەت (بەشىنچى قەۋەت)، 7 - باپ (يەتتىنچى باپ)

> رىم رەقەملىرىدىن كېيىن ئىنچى، ىنچى ياكى سىزىقچە (—) قويۇلماي يېزىلىدۇ، ئوقۇغاندا، ئىنچى، ىنچى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: XX ئەسىر (يىگىرمىنچى ئەسىر)، IX باپ (توققۇزىنچى باپ)

## 31. قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىملاسى تۆۋەندىكىچە:

> باش ھەرپى ئېلىنىپ قىسقارتىلغان سۆزلەر يالغۇز ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ، ئارىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ. بوغۇم بويىچە قىسقارتىلغان سوزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ.

ھەسىلەن: ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) ۋ ب (ۋە باشقىلار) پارتكوم (پارتىيە كومىتېتى).

> كىشى ئىسمى، پامىلىلىرىنى قىسقارتىپ يازغاندا، بىرىنچى ھەرپى ئېلىنىپ يالغۇز ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. ئوتتۇرىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ.

ھەسىلەن: ك. ماركس (كارل ماركس) ل. مۇتەللىپ (لۇتپۇللا مۇتەللىپ) ز. قادىر (زۇنۇن قادىر)

خەلقارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان پەن-
تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرى-
نىڭ قىسقارتىلغان بەلگىلىرى خەلقارا
ئومۇملاشقان ئادەت بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: m (مېتىر)، cm (سانتىمېتىر)، km (كىلومېتىر)، kg (كىلوگرام)، v (ۋولت)، w (ۋات).



Altunoq

五年制小学课本

# 语　法

（第三册）

新疆维吾尔自治区教育厅语文编写组编

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى
تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزدى
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

*

فورماتى: 787×1092، 1/32؛ باسما تاۋاق: 3
1984 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرىژى: 1 — 115,000
بىرلەشمە نومۇرى: KM7129·1521
باھاسى: 0.13 يۈەن